# ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى

2007 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ 10 ـ كۈنلىرى

گاگا ـ بروكسەل

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشىر قىلدى

**Published By**

**WORLD UYGHUR CONGRESS**

**Munchen – Germany**

Tel: 00498954321999 Fax:00498954349786

## مۇندەرىجە

**كىرىش سۆز ..................................................................................... 5**

**يارەملەشكۈچىلەر ........................................................................... 7**

**1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى، كىشىلىك ھوقۇقى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 13**

1.1 **قارشى ئېلىش سۆزى ......................................................................... 13**

1.1.1 مارىنو بۇسداچىن ئەپەندىنىڭ سۆزى ........................................................................ 13

2.1 **ئۇيغۇر رەھبەرلىرى: ئۆتكەنكى نەتىجىلەر ۋە كەلگۈسىدىكى خىرىسلار.......... 13**

1.2.1 رابىيە قادىر خانىمنىڭ سۆزى ........................................... ........................... 13

3.1 **باستۇرۇشقا قارىتا بېرىلگەن ئىنكاس ۋە ئۇيغۇر كىملىكىنى**

**مۇھاپىزەت قىلىش........................................................................ 17**

1.3.1 دوكتور ئۇلرىچ دېلىئۇسنىڭ دەرسى (نۇتقى).................... .... ............................. 17

4.1 **خىتايدا پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىكى: شەرقىي تۈركىستاننىڭ كەلگۈسى**

**قانداق بولۇشى مۇمكىن؟................................... ................................ ..........**

**21**

1.4.1 مەمتىمىن ئەلانىڭ سۆزى......................................................................... 21

5.1 **خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى ۋە ب د ت دىكى**

**ئۇنۇملۇك ئىشتىراك........................................ ...**

**22............................**

1.5.1 جوشۇئا كۇپېر ئەپەندىنىڭ دەرسى..........................................................................22

2. **دىپلوماتىيە، خەلقئارا قانۇن ۋە ئۇنۇملۇك تەشكىللىنىش......... ................. 31**

1.2 **خەلقئارا ئۇنۇملۇك دىپلوماتىيىنى تونۇشتۇرۇش.................................................. ..... 31**

1.1.2 پروفېسسور دوكتور جورج فرېركسىنىڭ دەرسى.................................................................. 31

2.2 **خەلقئارا قانۇندىن پايدىلىنىش: سابىق يوگۇسلاۋىيە خەلقئارا جازا**

**مەھكىمىسى ۋە قوغدىنىش خىزمىتى............................................................. 35**

1.2.2 كىرىستىنا گرىنبېرگ خانىمنىڭ دەرسى....................................................... ................ 35

**3.2. تاللىغىلى بولىدىغان مېتودلار: بىر گۇرۇھ ياكى بىر تەشكىلاتنى**

**يېتەكلەش.........................................................................**

**38 ........................**

1.3.2 دوكتور ئالبېرت گۆرگېنىڭ دەرسى........................................................................ 38
**4.2 تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇلى ۋە ئۇنۇملۇك تەشكىللىنىش ............. 40**
1.4.2 ماركو پېردۇكا ئەپەندىنىڭ دەرسى........................................................................ 40
3. **دېموكراتىيە ۋە دېموكراتىكلىشىش جەريانى............**
**45.................................**
**1.3 جۇڭگو ۋە شەرقىي ئاسىيانىڭ دېموكراتىكلىشىش جەريانى...........45**
1.1.3 پروفېسسور يىتزاك شىخورنىڭ دەرسى........................................................................ 45
**2.3 ئامېرىكا مەملىكەتلىك دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتى (NED)**
**نىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى دېموكراتىك ھەرىكەتلەرگە ياردەم بېرىشى**
**45....................**
1.2.3 لۇئىسا كوئان گرېۋ خانىمنىڭ نۇتقى........................................................................ 45
**3.3 دېموكراتىكلىشىش: ۋەقەلەرنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە يەكۇنلەنگەن**
**ساۋاقلار.............................................................. ..........................**
**45....................**
1.3.3 كېن كوستتىيو ئەپەندىنىڭ دەرسى........................................................................ 51
**4.3 دېموكراتىيە: جۇڭگو بىلەن شەرقىي تۈركىستان قانداق ئەھۋاللارغا**
**دۇچ كېلىدۇ؟........................................................**
**54 .......................**
1.4.3 مارىنو بۇسداچىن ئەپەندىنىڭ سۆزى........................................................................ 56
4. **ئۇيغۇر مەسىلىسى ئۈچۈن ياۋروپا سەھنىسى........................................................ 58**
1.4 **ياۋروپا پارلامېنتىدا قارار چىقىرىش جەريانىنى تونۇشتۇرۇش.......... ............ 56**
1.1.4 جەك لېكارت ئەپەندىنىڭ سۆزى........................................................................ 56
2.4 **ئۇيغۇرلار ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى................................................58**
1.2.4 مايكېل كاشمەن ئەپەندىنىڭ سۆزى........................................................................ 58
**3.4 ياۋروپا ئىنستىتۇتلىرىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى مېتودى**
**نەزەرىيىسى......................................................... ..........................**
**60................................**
1.3.4 دوكتور ۋىللي فائۇترنىڭ سۆزى........................................................................ 60

**4.4 ياۋرۇپا پارلامېنتىدا كىشىلىق ھوقۇق دەۋاسى قىلىش................. .............. 67**
1.4.4 كىندي لېين خانىمنىڭ سۆزى.......................................................................... 67
**5. دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى: ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رولى.............................................. ....................... 70**
**1.5 كىشىلىك ھوقۇق، ياۋرۇپا ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو...... 70.................**
1.1.5 دوكتور نىكولو فىگا تالامانكانىڭ سۆزى.......................................... ................... 70
2.1.5 ئىزابەلا نىتىسك خانىمنىڭ سۆزى.......................................................................... 71
3.1.5 ئالىسون سىمىس خانىمنىڭ سۆزى........................................................ ................... 73

## كىرىش سۆز

**«سەن دۇنيادا ئارزۇ قىلغان ئۆزگىرىش، سەن بولۇشۇڭ كېرەك.»**
**ـــ ماھاتما مۇھەنداس گەندى**

ئۇيغۇرلار ـــ غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى، شەرقتە جىتاي بىلەن چېگرىلىنىدىغان تارىخي يىپەك يولىدىكى شەرقي تۈركىستانىنىڭ يەرلىك خەلقىدۇر. شەرقي تۈركىستان ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋالىق سودا مەركىزى بولغان، تارىختا يۈكسەك مەدەنىيەتتى، ئىلىم - پەن بۆشۈكى ۋە كۈچلۈك ھاكىمىيەتكىمۇ ئىگە بولۇشى بىلەن ئىز قالدۇرغان.

ھالبۇكى، شەرقي تۈركىستان 1949 - يىلى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن بۇيان مەدەنىيەت جەھەتتە قىرغىنچىلىققا ۋە زۇلۇمغا ئۇچراپ كەلمەكتە. شەرقي تۈركىستان خەلقىگە ئوخشاشلا بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى ناھايىتى ئېغىر بولغان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىگە دۇچ كەلمەكتە. ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئىسلام دىنى قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىماقتا.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شەرقي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىنى، مىللىي كىملىكىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشتىكى تەخىرسىز ئامىلىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى ياخشىلاش ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، بۇ مەقسەتتە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلىك ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان خىيىم - خەتەرلەرگە قارىتا سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇپ، ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ۋە خەلقئارا قانۇن بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

بۇ مەخسەت بىلەن دۇيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەركىزى گاگادىكى خەلقئارالىق تەشكىت — ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ (UNP) ھەلكارلىشىشى بىلەن 2007 - يىلى 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە گوللاندىيەنىڭ گاگا ھەھىرى بىلگىيەنىڭ ۋە برۇكسەلدە — ياۋرۇپا پالامېنتىدا ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىنى ئاچتى. بۇ كۇرسنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكتىلەشتىن باشقا بىر مۇھىم نىشانى بولسا، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش قابىلىيىتىگە ئىگە، خەلقئارادا كۈچلۈك، قابىل يېتەكچىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئويۇشتۇرۇشى، ئامېرىكا دۆلەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۇرۇش فوندى جەمئىيىتىنىڭ ماددىي ياردىمى بىلەن ئېچىلغان بۇ كۇرس دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر رەھبەرلىرىگە ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ستراتېگىيىلەرنى مۇلاھىزە قىلىش، ئىشنى باشلاش ھەققىدە ئىزدىنىش، شۇنداقلا دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش، خەلقئارا قانۇن ۋە كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ۋە پائالىيەتچىلەر بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى يېتەكلەش، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى خىزمەتلىرى ئۈچۈن كونكرېت پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىش ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بىلىملىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن دەرسلەر تەسىرلىك نۇتۇق، مۇلاھىزە، مۇزاكىرىلەر بىلەن سۆزلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارا ئادالەت مەھكىمىسى (ICJ)، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى (ICC) ۋە ياۋرۇپا پارلامېنتى قاتارلىق ئورگانلار زىيارەت قىلىندى.

بۇ كۇرسنىڭ كۆزلىگەن مۇھىم نىشانىغا يېتىشتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ - بولمىغانلىقى كۇرس قاتناشچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك خەلقىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشى، كۇرستا سۆزلەنگەن مەزمۇنلارنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىشى، يېڭى تېخنىكا ماھارەتلەرنى ۋە ئۆزلەشتۈرگەن بىلىملەرنى ئىشلىتىشىدە بىلىنىدۇ. كۇرس قاتناشچىلىرىنىڭ دېموكراتىيە تەرەپدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن تېخىمۇ جەڭگىۋار ۋە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ۋە ئۆزىنىڭ ھەققىگە ھەقىقىي تۇردە ئىگە بولۇپ، ھۆزۈر ئىچىدە ياشىيالايدىغان مىللىي ئەركىنلىكىنى بەرپا قىلىشىغا تىلەكداشمىز.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى    ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلات

## ياردەملەشكۈچىلەر

### رابىيە قادىر خانىم (دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى)

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى ئانىسى رابىيە قادىر خانىم ئۇيغۇر جامائىتى ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كارخانىچى ۋە ئاكتىپ خەير ـ ساخاۋەتچى بولۇپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن «مىڭ ئانا شىركىتى» پىلانى بويىچە ئىئانە توپلاپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قازانغان. مۇۋەپپەقىيىتى نەتىجىسىدە، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىگە ئەزا بولغان. ھالبۇكى، 1999 ـ يىلى ئامېرىكىدىكى يولدىشىغا گېزىتتىن كېسىۋېلىنغان پارچىلارنى ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندا ج ك پ تەرىپىدىن «دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاش» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىنغان ۋە قاماقتا ياتقان. خەلقئارانىڭ كۈچلۈك بېسىمى تۈپەيلى 2005 ـ يىلى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. بۇ خىزمىتى بىلەن كىشىلىك ھوقۇق رافتو مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ۋە نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزاتلىققا كۆرسىتىلدى. 2006 ـ يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسلىكىغا سايلاندى.

### مەمتىمىن ئەلا ئەپەندى (چېگرىسىز كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى)

مەمتىمىن ئەلا چېگرىسىز كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، بۇ تەشكىلات دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەردىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى كۆزىتىدىغان، تەتقىق ۋە ئانالىز قىلىدىغان خەلقئارا تەشكىلاتتۇر. مەزكۇر تەشكىلات 1989 ـ يىلى بىر قانچە نەپەر كىشىلىك ھوقۇق پىدائىيلىرى تەرىپىدىن برۈكسەلدە قۇرۇلغان. ھازىرغىچە زورىيىپ جۇڭگو، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ۋە نېپالدا شۆبىسى بولغان چوڭ بىر تەشكىلاتقا ئايلاندى.

### پاتىمە ئاقتاش خانىم (گوللاندىيە سابىق پارلامېنت ئەزاسى، ياۋروپا ـ ئاسىيا فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، سەلامنەتۋەرك (Selamnetwerk) نىڭ رەئىسى)

گوللاندىيە پارلامېنتى سابىق پالامېنت ئەزاسى پاتىمە ئاقتاش خانىم خرىستىئان دېموكراتلار پارتىيىسى (CDA) تەركىبىدە پارلامېنت ئەزاسى بولغان. ھازىر ھاگۇئى شەھەرلىك پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى. پاتىمە خانىم ياۋروپا ـ ئاسىيا فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ۋە سەلامنەتۋەركىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيادا دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، دىنىي ئەركىنلىك ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا.

### ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندى (دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق رەئىسى)

ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندى ئىستانبۇلدا ئاخبارات ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1971 ـ يىلى ياۋروپا ئازادلىق رادىئوسىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان، بۇ يەردە مەخسۇس پروگراممىچى، يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچى، ئانالىزچى ۋە مۇدىرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1971 ـ يىلىدىن باشلاپ يالغۇز ئۇيغۇر دەۋاسى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى باشقا مىللەتلەر، خەلقلەر، ئاز سانلىقلار ۋە

مۇستەملىكە مىللەتلەرنىڭ دەۋاسى ئۈچۈنمۇ مۇھىم تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئۆزى بىرلىكتە قۇرغان «شەرقى تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇل خەلقلىرى بىرلەشمە كومىتېتى»نىڭ ئىجرائىيە رەئىسى بولغان. 1991 - يىلى ئۆزى بىرلىكتە قۇرغان ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى (UNPO) دا 1991 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇئاۋىن رەئىس، رەئىس، باش كاتىپ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 2004 - يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنى قۇرغان ۋە ئۇنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان.

### مارىنو بۇسداچىن ئەپەندى (ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى)

مارىنو بۇسداچىن ئەپەندى قانچە ئون يىللىق ھاياتىنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن كۈرەشكە، بولۇپمۇ شەرقىي ياۋرۇپا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى خەلقلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، ئاممىۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە بېغىشلىغان. ئۇ ئىتالىيىدىكى «ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» تەشكىلاتىنىڭ قورغۇچىسى ۋە باش كاتىپى. شۇنداقلا ئامېرىكىدىكى «ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە سابىق پرېزىدېنتى. ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ۋاكالىتەن جەنۋە، نيويورك ۋە ۋيانادا خىزمەت قىلغان. مانا ھازىر ئۇ ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى سۈپىتىدە ئولتۇرماقتا.

### مىكائىل كاشمەن ئەپەندى (ياۋرۇپا پارلامېنتى ئەزاسى)

مىكائىل كاشمەن ئەپەندى برىتانىيىدىكى سوتسىيالىستلار ئىچىدىكى ئەمگەكچىلەر پارتىيىسى ۋەكىلى سۈپىتىدە ياۋرۇپا پارلامېنتىنىڭ برىتانىيىلىك ئەزاسى. ئىلتىماس كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، كىشىلىك ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە ئائىلە ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى. كاشمەن ئەپەندى ئاز سانلىقلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنىڭ ھارماس قوغدىغۇچىسى ۋە جىنسىي كەمسىتىش قاتارلىق بارلىق ناھەقچىلىقلارغا قارشى داڭلىق پائالىيەتچى.

### جوشۇئا كۇپېر ئەپەندى (تەربىيىلىگۈچى ئوقۇتقۇچى، ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى)

جوشۇئا كۇپېر ئەپەندى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، 1998 - يىلى ھاۋايدا قۇرۇلغان كىشىلىك ھوقۇق ئىنىستىتۇتىنىڭ 2000 - يىلدىن بويانقى مۇدىرى. گېرمانىيەدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىن باشلاپلا ئاكتىپ پائالىيەتچى بولغان كۇپېر ئەپەندى ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. ئۇ ھازىر ئامېرىكا ھاۋاي شتاتى مائۇنى جەمئىيەت ئالىي تېخنىكومى ۋە ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا سىياسەت ئىلمى دەرسى ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۇ ياز پەسلىدە جەنۋەدىكى خەلقئارا تەربىيىلەش مەركىزىدە تىنچلىق ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەلىم - تەربىيىسى دەرسى بېرىدۇ. ئۇ يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كۇپېر ئەپەندى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ۋە تەربىيىلەش كۇرسلىرىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى.

### دوكتور ئۇلرىچ دېلىئۇس (خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

دوكتور ئۇلرىچ دېلىئۇس مىللىي ۋە دىنىي جەھەتتە ئاز سانلىق ھېسابلىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن قۇرۇلغان خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى، خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر جەمئىيىتى (STP) نىڭ گېرمانىيىدىكى شۆبىسىدە ئىشلەيدۇ. 1986 - يىلى بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقاندىن

باشلاپ، مىللىي، دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە ھەربىي توقۇنۇشلار، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە قۇللۇق تۈزۈم قاتارلىقلارنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان. 1993 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدە تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارماقتا.

## دوكتۇر ئەركىن ئەكرەم (ھاجەتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى)

دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئۇرۇمچىدە تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئىلى ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىدا بىر قانچە يىل ئىشلىگەن. كېيىن تۈرك تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتىغا كىرىشىپ، 2003 ـ يىلى تۈركىيە ھاجەتەپە ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. تۈرك تارىخ جەمئىيىتىدە تەتقىقاتچى، ھاجەتەپە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

## دوكتور ۋىللىي فائوترې (چېگرىسىز كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى باشلىقى)

چېگرىسىز كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى باشلىقى دوكتور ۋىللىي فائوترې 1995 ـ يىلدىن 1996 ـ يىلغىچە ياۋرۇپا ھەيئىتىنىڭ بىر پىلانى ھېسابلىنىدىغان فارې (Phare) دېموكراتىيە پروگراممىسىدا مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. يەنە بىلگىيە مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە بىلگىيە پارلامېنتىدا ئىشلىگەن. ئاز سانلىقلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە كەمسىتىلىشكە قارشى تۇرۇش ھەققىدە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان.

## دوكتور نىككولو فىگا ـ تالامانكا («ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» تەشكىلاتىنىڭ پروگراما مۇدىرى)

دوكتور نىككولو فىگا ـ تالامانكا ئىتالىيىدىكى پالېرمو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ، خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنى كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى، ئەنگلىيىدىكى نوتتىنگھام ئۇنىۋېرسىتېتىدىن خەلقئارا قانۇن كەسپىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغان. 1998 ـ يىلى رىم دىپلوماتىيە يىغىنىدا بوسنا ـ ھەرسەك ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى ۋە قوشۇمچە ھازىرلىق كومىتېتى قۇرۇپ چىققان. غەربىي ئافرىقىدىكى سىررا ـ لېئون جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، سىررا ـ لېئون ئۈچۈن ئالاھىدە سوت قۇرۇپ چىققان. 1995 ـ يىلدىن 1997 ـ يىلغىچە سابىق يوگوسلاۋىيە ئۈچۈن قۇرۇلغان خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىدە باش سوتچى نىڭئان ستەپھېن ئەپەندىنىڭ كاتىپى بولغان. ھازىر «ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» تەشكىلاتىنىڭ پروگراما مۇدىرى سۈپىتىدە كوسوۋادىكى ئۇرۇش جىنايەتلىرىگە ئائىت خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

## پروفېسسور دوكتور جورج فرېركس (گوللاندىيە ئوترېخ ئۇنىۋېرسىتېتى توقۇنۇش تەتقىقات مەركىزى، توقۇنۇشتىن ساقلىنىش ۋە توقۇنۇشنى تىزگىنلەش كەسپىدە ئوقۇتقۇچى)

پروفېسسور دوكتور جورج فرېركس گوللاندىيە ئوترېخ ئۇنىۋېرسىتېتى توقۇنۇش تەتقىقات مەركىزى توقۇنۇشتىن ساقلىنىش ۋە توقۇنۇشنى تىزگىنلەش كەسپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. يەنە ۋاجېنىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتى ئاپەت تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ. ئۇ يېزا ـ قىشلاق تەرەققىيات سوتسىئولوگىيىسى (ئىجتىمائىيەت ئىلمى) ۋە يېزا ئىگىلىك، مۇھىت ئىلمى ساھەسىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارغان بىر

يېزا ـ قىشلاق سوتسىئولوگىي بولۇش سۈپىتى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى جىددىي ئەھۋاللار ۋە توقۇنۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئارىلىشىش قاتارلىقلارغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەن. تەتقىقات جەھەتتىكى قىزىقىشى: تەرەققىيات، توقۇنۇش ۋە ئاپەت تەتقىقاتى، پىلانلاش ۋە مۆلچەرلەش، ئاپەت ۋە توقۇنۇشقا مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەر فورمۇلىسى، ۋاھاكازالار.

### دوكتور ئالبېرخ گۆرىك (ئادۋۇكات، ئۇيغۇر دەۋاسى مۇتەخەسسىسى)

دوكتور ئالبىرخ گورىك گېرمانىيە مىيونخېندا ئادۋۇكات ۋە پىسخىك ئانالىزچى. پاناھلىق تىلەش قانۇنى مۇتەخەسسىسى. ئۇرۇشتىن قېچىپ گېرمانىيىدىن پاناھلىق تىلىگەن قىزىل ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى ئۈچۈن ئادۋۇكاتلىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. جامائەتنىڭ ھاياتى كۆچى قاتارلىق تېمىلاردا ئەسەر ئېلان قىلغان. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

### لۇئىسا كوئان گرېۋ خانىم (ئامېرىكا دۆلەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى جەمئىيىتى شەرقىي ئاسىيا ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)

لۇئىسا كوئان گرېۋ خانىم ۋاشىنگتوندىكى ئامېرىكا دۆلەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى جەمئىيىتى شەرقىي ئاسىيا ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، شىياڭگاڭ، تىبەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (شەرقىي تۈركىستان)، شىمالىي چاۋشيەن، موڭغۇلىيە ۋە ۋيېتنام قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تېررىتورىيىدىكى مۇھىم پىلانلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. لۇئىسا خانىم ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە ئەھۋالى ھەققىدىكى بىر قانچە قېتىملىق دوكلاتىدىن ئاۋۋال بۇ ھەقتە گۇۋاھلىق بېرىپ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ۋە گېزىت ـ ژۇرنال مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئاسىيادىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى ۋە دېموكراتىك تەرەققىيات توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. لۇئىسا خانىم 1980 ـ يىلدىن بۇيان ساياھەت، ئوقۇش ۋە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن كۆپ قېتىم جۇڭگوغا بارغان. نيۇ ـ يوركتىكى كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاسىيالىقلار تەتقىقاتى كەسپىدە ئوقۇپ باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئالغان. نەنجىڭدە جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ھەمكارلىقىدىكى جون خوپكىن نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ـ ئامېرىكا مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزىدە ئالىي مەلۇمات ئالغان. ئۇ يەنە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئامېرىكىدىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتىدا ئىشلەيدۇ.

### كرىستىنا گرىنبېرگ خانىم (سابىق يۇگوسلاۋىيە ئۈچۈن قۇرۇلغان خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى (ICTY) دە قانۇن مەسلىھەتچىسى)

كرىستىنا گرىنبېرگ خانىم ھازىر سابىق يۇگوسلاۋىيە ئۈچۈن قۇرۇلغان خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىدە ئاقلىغۇچىلار گۇرۇپپىسىدا جاۋابكار گېنېرال سلوبودان پرالژاكنى ئاقلايدىغان قانۇن مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇ ئىلگىرى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى تەپتىش مەھكىمىسى، قىزىل كرېست جەمئىيىتى، خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇن ئىشخانىسىدا ۋە ئاۋستىرالىيىدە خىزمەت قىلغان.

**دوكتور ۋەجىس گۆنگۈر (تۈرك دېموكراتىك ئىتتىپاقى)**

دوكتور ۋەجىس گۆنگۈر 1990 - يىلى ئامىستېردام ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر پاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغاندىن كېيىن، بۇ يەردە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئامىستېردامدا تۈرك ئاكادېمىكلەر ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ، ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ باشلىقى بولغان. شۇنداقلا خەير - ساخاۋەت تەشكىلاتى كوردائىد (CORDAID) نىڭ پىلان كوردىناتورى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ گوللاندىيىدىكى تۈرك ئۈيى تەتقىقات مەركىزى (TAM) نىڭ مۇدىرى. «دۇنيا گېزىتى» نىڭ ھەپتىلىك Benelux سەھىپىسىنىڭ مەسئۇلى، شۇنداقلا خابەرە (Habere) ئىنتېرنېت تور بېتىدە يېزىقچىلىق قىلىدۇ. دوكتور گۆنگۈر كۆچمەنلەر، ئاز سانلىقلار ۋە گوللاندىيىدىكى تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدا كۆپلىگەن ماقالىلەرنى يازغان.

**دولقۇن ئەيسا ئەپەندى (دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باش كاتىپى)**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ئۈرمچىدە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپلا كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللاندى دېگەن سەۋەب بىلەن ئالىي مەكتەپتىن ھەيدەلگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىپ 1996 - يىلى گېرمانىيىگە كەلگەن. دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، 1996 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە رەئىسى بولغان. كىشىلىك ھوقۇق پائالىيىتى قاتارلىق تېمىلاردا كۆپ ساندا ماقالىلىرى بار. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ كەلمەكتە.

**كېن كوستيو ئەپەندى (يەر شارى دېموكراتىيە تەدبىرى تەشكىلاتى كوردىناتورى)**

كېن كوستيو ئەپەندى خەلقئارا ئادۋۇكات، دۇنيا فېدېراللار ھەرىكىتى تەشكىلاتى گوللاندىيە شۆبىسىنىڭ كاتىپى، گوللاندىيىدە تۈرۈشلۈق ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات، يەنى يەر شارى مىقياسىدا دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن پائالىيەتچىلەر يىغىلغان ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات — يەر شارى دېموكراتىيە تەدبىرى تەشكىلاتىدا كوردىناتور (ماسلاشتۇرغۇچىسى) بولۇپ ئىشلەيدۇ. كوستيو ئەپەندى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ۋە ئۇنىڭ ياخشى ئىدارە قىلىنىشى، دېموكراتىيىنى تەشەببۇس قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان تايانچ خادىمى.

**ماركو پېردۇسا ئەپەندى (تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش رادىكال پارتىيىسى ئەزاسى)**

ماركو پېردۇسا ئەپەندى تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش رادىكال پارتىيىسىنىڭ دائىمىي ۋەكىلى ۋە ئەزاسى. ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مالىيىگە مەسئۇل خادىمى (خەزىنىچىسى). ئۇن

يىلىدىن بۇيان تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش پارتىيىسىگە ۋاكالىتەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نيۇ - يورك، جەنۋە ۋە ۋىيانادىكى ئىشخانىلىرىدا ئىشلەپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى رادىكال رادىئو ئۇچۇنمۇ قوللانغان. 2002 - يىلىدىن باشلاپ «خەلقئارا چەكلىمىلەرگە قارشى ئىتتىپاق»تا رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلىگەن. 1998 - يىلى بىر گۇرۇپپا قانۇنشۇناسلارنى تەشكىللەپ، سابىق يۇگوسلاۋىيە ئۇچۇن قۇرۇلغان خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىدىن ئىلگىرى سلوبودان مىلوشوۋىچنىڭ جىنايەتلىرىنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ تەنقىدلىرى ۋە خەت - چەكلىرى بىر قانچە ئىتالىيان گېزىتى ۋە سىياسىي ژۇرناللاردا، «مالىيە ۋاقتى»، «خەلقئارا خەۋەر مۇنبىرى» ۋە «خىرىستىئان ئىلمى خەۋىرى» دە ئېلان قىلىنغان.

ئۇ يەنە http://perdukistan.blogspot.com دا خاتىرە يازىدۇ.

## پروفېسسور يىتزاك شىخور (ئىسرائىلىيە هايفا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى)

پروفېسسور يىتزاك شىخور ئىسرائىلىيە هايفا ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقىي ئاسىيا تەتقىقات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى. قۇددۇستىكى يەھۇدىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسلام دۆلەتلىرى تارىخى كەسپىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغان. لوندوندىكى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئىلىم ئالىي بىلىم يۇرتىدا خەلقئارا مۇناسىۋەت كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ قىزىقىدىغان تەتقىقات ساھەسى: جۇڭگو - ئوتتۇرا شەرق مۇناسىۋەتلىرى، شىنجاڭدىكى ئېتنىك مىللەتچىلىك ۋە ئۇنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرى، ئۇيغۇر مۇھاجىرلار، شەرقىي ئاسىيالىقلارنىڭ دېموكراتىيىلىشىش جەريانى قاتارلىقلار. ئۇ يۇقىرىقى تېمىلاردا كۆپ ساندا ئەسەر ئېلان قىلغان.

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى، كىشىلىك ھوقۇقى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى

### 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى دۈشەنبە

### 1.1 قارشى ئېلىش سۆزى

#### 1.1.1 مارىنو بۇسداچىن ئەپەندىنىڭ سۆزى
(ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى)

گەرچە ئۇيغۇرلار كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشۋاتقان ۋە دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈشنى كۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك بولمىسىمۇ، جۇڭگو ئۆزگىرىۋاتىدۇ. جۇڭگونىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت بىزنىڭ مۇشۇ تەربىيىلەش كۇرسىمىزنى ئېچىشىمىزنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىدىن بىرى.

قانداق قىلغاندا ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ ياخشى تەشكىللەپ، زېچ ئۇيۇشتۇرۇپ، كىشىلىك ھوقۇقىغا دائىر ئىشەنچلىك ۋە مۇھىم ئۈچۈرلارنى ئىگەللىگىلى ۋە تارقاتقىلى بولىدۇ؟ دېگەننى ئۆزىمىزدىن سوراپ بېقىشىمىز لازىم. باشتىن ـ ئاخىرغىچە مەقسەت ئۇيغۇرلارنى شەرقىي تۈركىستان ۋە جۇڭگودا دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىدە سۆز ساھىبى بولالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

ھالبۇكى، بىز ئەمىلىيەتچىل بولۇشىمىز كېرەك. ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى ماھىيەتتە ئۇيغۇرلار تەشنا بولۇۋاتقان بىر نەرسە بولىسىمۇ، ئەمما كۆنىمىزدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش (مۇستەقىللىق) مەسىلىسى دائىم رەت قىلىنىشقا ئۇچرايدىغان بىر ئىشتۇر. بۇ جەھەتتە بەلكىم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن باشقا گېپىنى ئۆتكۈزەلەيدىغانلار يوق بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىدىن باشلاپ غەربىي ياۋروپادىكى كىچىك دۆلەت لىچتېنىشتېين بەگلىكىگىچە ھېچقانداق بىر دۆلەت ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى خەلقئارا قانۇنلار بىلەن قانداق باغلاش كېرەك دېگەننى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشنى ئېھتىياج ھېس قىلغان ئەمەس. ئەگەر ھەممىمىزنىڭ سۆزلەشمەكچى بولغىنىمىز ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش بولسا، بىز ئۆز ئارا ھامان پىكىرلىشەلەيمىز.

ئەگەر سىز تەيۋەندىن باشلاپ سومالى، كوسوۋو، ئابخازىيا ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگىچە نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلىسىڭىز شۇنى كۆرەلەيسىزكى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدا ئۇلار كىچىككىنە بولسىمۇ خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن، ھېچ بولمىغاندىمۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان.

ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 1991 ـ يىلى قۇرۇلغان. ھالبۇكى، بۈگۈن ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىش ئۈچۈن خىزمىتىمىزنىڭ فوكۇس نۇقتىسىنى 99% باشقا ئاساسىي ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە قاراتتۇق.

مېنىڭچە بۇ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ستراتېگىيىنى سىستېمىلىق ھالدا بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىشتە خېلى ئەسقاتىدۇ دەپ ئويلايمەن. ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشنى كۈچلۈك ھالدا تەلەپ قىلىشقا تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچىدىكى خەلقلەر بىلەن ئالاقىنى كۈچلەندۈرۈشكىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

كېلەر يىلى ئولىمپىك مۇسابىقىسى جۇڭگودا ئۆتكۈزۈلمەكچى. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۆلۈم جازاسى، كىشىلىك ھوقۇققا قىلىنغان سان - ساناقسىز دەپسەندىچىلىكلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىش خەۋپى بار. دەرۋەقە، جۇڭگو تۇنجى قېتىم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ داڭلىق بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ماختانماقچى. بۇ ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر، ئىچكى موڭغۇللۇقلار ۋە ئۇلارنى قوللىغۇچى بارلىق تەشكىلاتلار ئۈچۈن ئاچقۇچلۇق بىر پۇرسەت بولىدۇ. مانا مۇشۇ پۇرسەتتە بىز جۇڭگونىڭ زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويماسلىقتا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

بۇ پەيتتە ۋ م ت ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن تىنىمسىز ئىشلەيدۇ. مەسىلەن: بىز بۈگۈن ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا بىر مەكتۇپ يوللاپ، جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە مەسىلىسىنىڭ ئونتۇلماسلىقى ئۈچۈن رابىيە قادىر خانىمنى 2007 - يىللىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى نامزاتى قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز. بۇ كېلەر يىلقى ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ دوستانە ۋە تىنچ كەيپىياتتا ئۆتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن نۇرغۇن دۆلەتلەرنى جۇڭگودىن ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسە تەلەپ قىلىشقا ئۈندەشتە تازا مۇھىم بىر تۇنجى قەدەم بولالايدۇ.

## 2.1.1 تەكلىپ پىكىرلەر

ئۇيغۇر تەشكىلاتلار «ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش» بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، دىققىتىنى كىشىلىك ھوقۇق، ئەقەللىي ئەركىنلىك دەپسەندىچىلىكلىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك.

2008 - يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدىغان ۋە جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە دىققەتنى جەلپ قىلىدىغان مۇھىم بىر پۇرسەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقانلار ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىشكە ھازىردىن باشلاپ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

جۇڭگونىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا ئائىت ئىشەنچلىك خەۋەر ئۇچۇرلارنى توپلاش ۋە تارقىتىش كېرەك.

## 2.1. ئۇيغۇر رەھبەرلىرى: ئىلگىرىكى نەتىجىلەر ۋە كەلگۈسىدىكى خىرىسلار

### 1.2.1 رابىيە قادىر خانىمنىڭ سۆزى
(د ئۇ ق نىڭ رەئىسى)

مانا ھازىر خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بېغىشلانغان ئىككىنچى قېتىملىق مەخسۇس كۇرسىنى تەشكىللەپ ئولتۇرۇپتىمىز. بىرىنچى قېتىملىق كۇرس ئامېرىكىدا ئېچىلغان ئىدى. بۇ ئامېرىكا ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىزگە ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىشنى تېخى ئەمدىلا باشلاۋاتىمىز. بۇ جەھەتتە يەنىلا تەجرىبىمىز كەم. ئۆتكەنكى كۇرستا بىز دىققەتنى ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارىتىشنى تەكىتلەپ مول نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ئىدۇق. بۇ قېتىم بىز كۆپلىگەن مۇھىم ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلدۇق. بۇ بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزنى سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە كىشىلىك ھوقۇق پىدائىيلىرىمىزنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بىر پۇرسەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئېغىر ھالدا دەپسەندە قىلىنماقتا. ياشاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش مەيلى موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرى زامانىدىكىدەك بولسۇن ياكى خىتاي ئىشغالچىلىرى دەۋرىدىكىدەك بولسۇن، تارىختىكى ھەر قانداق چاغدىكىگە قەتئىي ئوخشىمايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقىنىڭ ئەقەللىي ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە كىملىكىنى مەقسەتلىك ھالدا يوقىتىۋاتىدۇ. بۇ كۇرس جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋاللارنى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا ئاڭلىتىش مېتودلىرىنى مۇھاكىمە قىلىمىز. بىز پەقەت مەدەنىي كىملىكىمىزنىلا ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي مەۋجۇدلۇقىمىزنىمۇ قوغداپ قېلىشقا موھتاجمىز. خىتاي ھۆكۈمىتى قارىماققا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقىدىغاندەك كۆرۈنمەيدۇ، بۇ ھۆكۈمەت ھەتتا ئۆزىنىڭ خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ دەردىگىمۇ قۇلاق سالمايدۇ.

ئامېرىكا ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردىمىگە كۆپ تەشەككۇر ئېيتىمىز. بۇسداچىن ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك، بىر تارىخىي پۇرسەت ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. بۇ كۇرستا ئولىمپىك مۇسابىقىسىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتىنىمىزدىكى مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئېنىق ھالدا قانداق ئاشكارىلاشنى مۇزاكىرە قىلىمىز. بۇ مۇسابىقىنى خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، تىبەتلەر ۋە كومپارتىيە زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان بارلىق خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئاشكارىلاشتا قوللىنىشىمىز كېرەك. خىتاينى ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشكە نامزات بولغان چاغدا قىلغان ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دۇنيادىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىز لازىم.

## 2.2.1 تەكلىپ پىكىرلەر

ئولىمپىك مۇسابىقىسى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە بولغان سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇش كېرەك.

دۇنيادىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پائالىيەتلەر ئۈچۈن سەھنە ھازىرلاش كېرەك.

## 3.1. باستۇرۇشقا قارىتا بېرىلگەن ئىنكاس ۋە ئۇيغۇر كىملىكىنى مۇھاپىزەت قىلىش

### 1.3.1 دوكتور ئۇلرىچ دېلىئۇسنىڭ دەرسى

(خەتەر ئاستىدىكى خەلقلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

گەرچە بۈگۈن سىزلەرگە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان بىر چارە تەقدىم قىلالمىساممۇ، ئەمما بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئىشقا يارىغان بەزى پايدىلىق تەجرىبىلەرنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنۇشنى خالايمەن.

خەتەر ئاستىدىكى خەلقلەر جەمئىيىتى بىر ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات (NGO[1]) بولۇش سۈپىتى بىلەن 1993 ـ يىلدىن بۇيان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي يىغىنلىرىدا مەسلىھەت بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە. كۈنىمىزدە ئەڭ ئاز 2700 دىن ئارتۇق ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتنىڭ بۇ خىل سالاھىيىتى بار. بارلىق ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋە ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق بىر ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات كومىتېتىدا قوللىنالايدىغان بۇ خىل سالاھىيەتكە ئېرىشىشكە قىزىقىدۇ.

بۇ كومىتېتنىڭ 19 ئەزاسى ئىچىدە بەزىلىرى دۇنيادىكى ئەڭ ۋەھشىي تۈزۈملەردە مەسىلەن: جۇڭگو، كۇبا، رۇسىيە، سۇدان، ھىندىستان، پاكىستان ۋە جۇڭگونىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ياشايدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ مەسلىھەتچىلىك سالاھىيىتىدە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تۈزۈمىنى تەنقىد قىلىشىغا ئاكتىپ ھالدا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ.

ئىشەنچلىك تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدىكى كۆپلىگەن باياناتلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغۇچىلار ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار (ئاتالمىش GONGO[2]) نى قۇرۇپ چىقىپ، بۇلارغا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا كۆزەتكۈچىلىك قىلىش سالاھىيىتى بېرىلدى.

جەنۋەدىكى جۇڭگو ئەلچىخانىسىدا ئىشلەيدىغان توقسان ئەتراپىدا دىپلومات بار. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاتالمىش GONGOلار (ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار) نىڭ ۋەكىللىرى. بەزىدە ئوخشاش بىر كىشىنىڭ تۆت، بەش، ھەتتا ئالتە پەرقلىق ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتقا ۋاكالىتەن سۆز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيسىز. بۇ ستراتېگىيىنىڭ بىرىنچى مەقسىتى: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا جۇڭگوغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەر قانداق بىر تەنقىدكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئىككىنچى مەقسىتى: جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنىڭ ئاخىرى ياخشىلانغانلىقى تەسىراتى بېرىش ئۈچۈندۇر. ئۇلار تىبەتلەر، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار ۋە فالۇنگۇڭچىلارنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ سۆز قىلىپ، جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇقتا ئىنتايىن پەرقلىق گىرىم قىلىدۇ. بۇ خەلقئارا NGO (ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار) ئۈچۈن ناھايىتى قىيىن ئەھۋال. چۈنكى نۇرغۇن دۆلەتلەر GONGO بىلەن مۇستەقىل NGO ئارىسىدىكى پەرقنى بىلەلمەيدۇ.

---

[1] NGO بولسا Non ـ Governmental Organization يەنى، «ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات» ئاتالغۇسىنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر.

[2] GONGO دېگەن سۆز Government ـ Operated Non ـ Governmental Organization يەنى، «ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات» دېگەن ئاتالغۇنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر.

جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان دۇنيادىكى يېتەكچى كۈچلەرنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگولۇقلار ئىسلاھات ھەققىدە سۆزلەپ، خەلقئارا ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا قىلىدىغان تەنقىدىنى چەكلەشكە ھەممىشە ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. خەلقئارا ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىغا ئوخشاش جۇڭگونى قاتتىق تەنقىدلەيدىغان تەشكىلاتلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئەنزە تۇرغۇزۇشتا ئېغىر خىرىسلارغا دۇچ كەلمەكتە.

بېيجىڭدا ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈشتىن بەش يىل كېيىن ئىلگىرى جۇڭگو ئۆزىنىڭ تۈزۈمىنى يۇمشاق قول قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشۋاتىدۇ، ئىسلاھات قىلماقچى بولغان، ئەمما قىلىشقا قادىر بولالمىغان بىر دۆلەتنىڭ ئوبرازىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇ ئىستراتېگىيە قارىماققا خەلقئارا جەمئىيەتتە ئىشقا يارىغاندەك كۆرۈنمەكتە. گېرمان ئەمەلدار بىلەن سۆزلەشكەن چېغىمىزدا، ھەممىسى: جۇڭگو ئۆزگىرىۋاتىدۇ، جۇڭگو ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا تىرىشۋاتىدۇ، جۇڭگو بۇ «ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان» كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ياخشىلىنىش پەيدا قىلماقچى دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى.

بىز ئۆزىمىزدىن يوللۇق ھالدا دەۋاتقىنىمىز ئىسلاھاتمۇ ياكى پەقەتلا ئاممىۋى مۇناسىۋەتمۇ؟ دەپ سوراپ باقساق بولىدۇ. ئەلۋەتتە، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كۈنسايىن چوڭىيىۋاتىدۇ. لېكىن گەپ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا كەلگەندە قارىساق، ئىشلار ئۆزگەرمەگىلىك. بولۇپمۇ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئەركىنلىكى، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ تەشكىلات قۇرۇش ئەركىنلىكى ۋە پۇقرالارنىڭ ئىلتىماس ياكى ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ئۆز پىكرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇش ئەركىنلىكى مەسىلىسىدە ئۆزگىرىش يوق. مۇشۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەھۋالدا قىلچىلىك ياخشىلىنىش يوق. لېكىن ئولىمپىك مۇسابىقىسىدىن ئىلگىرى پەقەت بەلگىلىك دەرىجىدە ئىلگىرىلەش بولىدۇ. جۇڭگو رەھبەرلىرى بۇ خىل ئەركىنلەشتۈرۈشلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يەنە كېيىنكە قالدۇرۇشنى قارار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش كومىتېتى (CERD)، ئاياللارنى خارلاشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى (CEDAW) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى بىر قانچە كومىتېت يېقىندا جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىدىن ئېغىر قايغۇرۇۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇڭگو ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى ئېزىلگەن خەلقلەر ئارىسىدا خىزمەت قىلغان يىگىرمە بىر يىل جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، تىبەتلەر جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى قىلىدىغانلار ئىچىدىكى ئەڭ جەڭگىۋار گورۇپپا ئىكەن. ئۇلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كومىتېتلىرىنى ئىمكانى يەتكەن دەرىجىدە كۆپ ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگونىڭ زۇلمىغا چىداپ تۇرۇۋاتقان كىشىلەرگە ئائىت كۆپلىگەن دەلىل ـ ئىسپاتلارمۇ بار. تىبەتلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەر بار. ئۇلار بىرلىشىپ دۇنيا مىقياسىدا 170تىن ئارتۇق دۆلەتتە كۈچلۈك قوللىغۇچى جامائەت گورۇھ ھاسىل قىلغان. ئۇلار ھەر يىلى تىبەتتە يۈز بېرىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى دەلىل ـ ئىسپاتلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلالىدى. ئۇلار ھەر يىلى دائىم پەرقلىق ئىشلارنى خەۋەر قىلىپ، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى، سىياسىيونلار ۋە غەرب دۇنياسىدىكى قوللىغۇچىلىرىنى جەلپ قىلارلىق ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ كەلدى.

ئۇلارنىڭ ئىسپات ماتېرىياللار مەركىزى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئائىت يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن ئايلىق ئېقىم مەسىلىلىرى، خەۋەرلەرنى نەشر قىلماقتا. ئۇلار جۇڭگودىن كەلگەن مۇساپىرلاردىن يېڭى ئۇچۇر، يېڭى ھۆججەتلەرنى توپلاشقا ئىنتايىن ماھىر. مۇشۇنداق يېڭى ئۇچۇرلارنى توپلاشتا چەكلىك ئىمكانىيەتكە ئىگە چەتئەلدىكى پائالىيەتچىلەرگە نىسبەتەن، ۋەتەندىن يېڭى كەلگەنلەردىن ئەھۋال ئىگىلەش قىممەتلىك بىر ئۇچۇر قانىلى ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، نۇرغۇنلىغان غەربلىك كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى قانچىكى كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشكەنسېرى شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەشكە شۇنچىلىك قىزىقىشى مۇمكىن. ئەمما شۇنداق بولۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ دەلىل - پاكىت ۋە سان - سىفىرلارغا ئېھتىياجىمىز بار، بۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر سىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا، ياۋروپا ھۆكۈمەتلىرىدە، ياۋروپا پارلامېنتىدا ۋە مەملىكەتلىك پارلامېنتلاردا دەۋايىمنى ئاقتۇراي دېسىڭىز، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ شەرقىي تۈركىستاندا زۇلۇم بار دېيىشىنىڭ ئۈزىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنداق دېسىڭىز، ئۇلار دەرھال كونكرېت دەلىل - ئىسپات تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا مۇشۇ جەھەتتە كۆپرەك كۈچەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پىلانى (UHRP[3])نىڭ ئىستىقبالى پارلاق ھەمدە بىر ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇستەقىل كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىغا ئايلىنىشىدا ئۈمىد زور. ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىمۇ ئامېرىكىدا قالتىس خىزمەتلەرنى قىلىۋاتىدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى ئاچقان ئىنگلىزچە، فرانسوزچە، تۈركچە توربەتلىرى بار. بۇ مەنبەلەرگىمۇ قاراش كېرەك.

يېقىندا غەرب دۇنياسىدا شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت بەزى خەۋەرلەر ئېلان قىلىنىدى. (مەسىلەن: بىر خەۋەر «كىشىلىك ھوقۇق كۆزەتكۈچىسى»، يەنە بىر خەۋەر خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنىدى.) شۇنى ئەستە چىڭ ساقلاش كېرەككى، ئادەتتە ئالتە - يەتتە يىل بولغان كونا خەۋەرلەرنى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ كىرگىلى بولمايدۇ. (كۆتۈرۈپ كىرسىڭىزمۇ بەربىر ھېسابقا ئۆتمەيدۇ.)

بىر قانچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا «ئاز سانلىقلار ھوقۇقى گۇرۇپپىسى» تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان بىر يېڭى خەۋەرنى تەشۋىقات خىزمىتىدە ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن رەسىم ۋە فىلىملەرگىمۇ ئېھتىياجىمىز بار. ئەگەر سىز ژۇرنالىستلار بىلەن ئىشلىمەكچى بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ سىزدىن سورايدىغان بىرىنچى سوئالى: رەسىم بارمۇ؟ خەلقئارا جەمئىيەتتە قوللىغۇچىلارنى كۆپەيتىش ئۈچۈن بۇ جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۆزۈڭلارنىڭ ئەھۋالىڭلارنى تىبەتلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە كىشىلەر دىققەت قىلمايۋاتىدۇ دەپ ئاغرىنساڭلار بولمايدۇ. ئەگەر غەربىي ياۋروپادىكى ھەقىقىي ئەھۋالىڭلارنى سېلىشتۇرساڭلار، ئەمەلىيەتتە تىبەتلىكلەر بىلەن ئوخشاش كېمىگە چىققانلىقىڭلارنى كۆرەلەيسىلەر، بۇ بىر مىسال. تىبەتلەر كەڭ كۆلەمدە ھىمايە قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھەرىكەتتى كۆپ ئۆنۈمگە ئېرىشمىدى. شۇڭا كەڭ كۆلەملىك ھىمايە ھەرىكىتى باشقا بىر ئىش، ئۆزىنىڭ ۋەزىيىتىنى تۈرغان يېرىدە ياخشىلاش باشقا بىر ئىش.

3 UHRP بولسا Uyghur Human Rights Project نىڭ قىسقارتىلمىسى. بۇ ھەقتە www.uhrp.org گە قاراڭ.

نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ تىببەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ داھىيسى دالاي لاما توغرۇلۇق شىكايەتلىرىنى ئاڭلىغانمەن. بەزىلەر دالاي لامانىڭ مەنىۋى ئوبرازىنىڭ تىببەتلەرگە ھەقىقەتەن كۈچ بەرگەنلىكىدىن تەسىرلىنىدىكەن. ھالبۇكى، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلار يېرىم بولمىسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بۇ جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بار. ئۇيغۇرلار ئۇيۇشقاق ۋە ئەقىللىق بولساڭلار بولىدۇ. سىلەرگە رابىيە قادىر خانىم بار. كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان بۇ خانىمنىڭ بالا - چاقىلىرى تېخىچە جۇڭگودا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۇرماقتا. ئۇ كۆپلىگەن ياۋروپالىقلار ۋە ئامېرىكىلىقلارغا دەلىل - ئىسپاتلىق، قايىل قىلارلىق ئۇچۇرلارنى يوللىيالايدۇ.

### 2.3.1. سوئال - جاۋابلىق مۇزاكىرە

**سوئال:** كىشىلىك ھوقۇققا ئائىت بىرەر خەۋەرنىڭ مۇۋاپىق ئۇزۇنلۇقى قانچىلىك بولۇشى كېرەك؟ ئۇزۇن ۋە ھەجمى چوڭ بولۇشى كېرەكمۇ ياكى قىسقا ۋە ئېنىق بولۇشى كېرەكمۇ؟

**جاۋاب:** ئەڭ ياخشىسى، ھەر ئىككى خىل بولۇشى كېرەك. شۈبھىسىزكى، ھەر ئىككىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بار. ئەگەر سىلەر پەقەت بىرسىنىلا قىلالىساڭلار، ئۇنداقتا قىسقا خەۋەرلەرنى ئېلان قىلساڭلار، «كىشىلىك ھوقۇق كۆزەتكۈچىسى»، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر ۋە خەلقلەر تەشكىلاتى قاتارلىق ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار سىلەر ئوتتۇرىغا قويغان ھادىسىنى كېڭەيتىپ خەۋەر قىلسا بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، دىققەت تارتىش ئۈچۈن ئۇچۇرلارنى مۇقىم بىر ۋاقىتتا قەرەللىك ئېلان قىلساڭلار بولىدۇ. مەسىلەن: قوش ئايلىق ياكى پەسىللىك دېگەندەك. يېقىنقى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئائىت ئەڭ مۇھىم خەۋەرلەرنى توپلاپ، ئېقىم مەسىلىلىرى، خەۋەرلەر شەكلىدە ئۇزۇن خەۋەرلەر ئېلان قىلساڭلار بولىدۇ. ئەگەر پەقەتلا يەتتە - سەككىز يىل بولغان كونا خەۋەرلەرنى ئېلان قىلساڭلار، ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تەسىرىمۇ بولمايدۇ. سىلەر ئېنىق بىلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئائىت بارلىق دەلىل - ئىسپاتلىق خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىشىڭلار كېرەك. بۇ ئۇچۇرلارنى پەقەت ئۇيغۇر تىلىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىنگلىز تىلىدا ئېلان قىلىش ئارقىلىق سىرتقا تېخىمۇ يېيىشىڭلار كېرەك. ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلغاندا قۇرۇق گەپ ئەمەس، كونكرېت پاكىت فوكۇس نۇقتىسى بولسۇن. شۈبھىسىزكى، پاكىت سىلەرنى ئىشەنچلىك قىلىدۇ، قۇرۇق گەپ سىلەرگە زىيان سالىدۇ.

### 3.3.1. تەكلىپ پىكىرلەر

تىببەتلەرنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىلھام ئېلىش كېرەك.

دۇنيا مىقياسىدىكى قوللىغۇچىلار ئۈچۈن بىر تور بەرپا قىلىش كېرەك.

رابىيە قادىر خانىمنىڭ خەلقئارادا ئۇسۇۋاتقان ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ ئىلگىرىلەش، ئۇيغۇر دەۋاسىغا ۋە بارلىق ئۇيغۇرلارغا پايدا يەتكۈزۈش كېرەك.

كونكرېت پاكىت، دەلىل - ئىسپات. سان - سىفىرلارنى توپلاش، قۇرۇق گەپ ساتماسلىق كېرەك.

ژۇرنالىستلارنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ رەسىم ۋە فىلىملىرى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

بۇ ئۇچۇرلارنى ئىنگلىز تىلىدا ئېلان قىلىش كېرەك. بۇنداقتا تېخىمۇ كۆپ كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بۇنىڭدىن خەۋەردار بولالايدۇ.

## 4.1. جۇڭگودا پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىكى: شەرقىي تۈركىستاننىڭ كەلگۈسى قانداق بولۇشى مۇمكىن؟

### 1.4.1. مەمتىمىن ئەلا ئەپەندىنىڭ سۆزى
(چېگرىسىز كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتى)
[تۆۋەندىكىسى قىستۇرما مەزمۇندىن ئارىيە]

بىرلىكتە تەبىر بەرمەكچى بولغىنىمىز ــ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىز بەرپا قىلماقچى بولۇۋاتقان كەلگۈسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ھەممىڭلارغا مەلۇمكى، پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىكىگە، يەنى يىغىلىش ھوقۇقى، دىنىي ئەركىنلىك ۋە سۆز - ئىپادە ئەركىنلىكىگە جۇڭگودا رۇخسەت يوق.

1992 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 16 - قۇرۇلتىيىدا[4] 192 نەپەر ۋەكىل بىر ئىلتىماس سۇنۇپ، كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدە بىر سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى بۇ تەكلىپنىڭ تەشەببۇسچىسى جاۋ چاڭچىڭ ئەپەندىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە يېتىشى بىلەن خۇلاسىلەندى.

سان - ساناقسىز ژۇرنالىست ۋە تەھرىرلەرنىڭ قولغا ئېلىنىشى جۇڭگودا ئاخبارات ئەركىنلىكىنىڭ يوقلۇقىنى مىسال بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دىنىي ئەركىنلىكمۇ نازارەت ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇش خەتەرلىكتۇر. ئومۇمىي جەھەتتە جۇڭگو خەلقى، قىسمەن جەھەتتە ئۇيغۇر خەلقىنى پۇقرالىق ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن جۇڭگودا دېموكراتىيىلىشىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا موھتاجمىز. بۇ بىرلىكتە تىرىشىش ۋە پۇختا تەييارلىق بىلەن ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن سىستېمىلىق ھالدا يېقىنلىشىشىمىز كېرەك. دۇنيادىكى باشقا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بىلەنمۇ يېقىن ئالاقە ئورنىتىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ جۇڭگودا دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت مەقسىتىمىزگە يېتىشىمىزدە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز بىرلىشىشىمىز ۋە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك.

### 2.4.1. تەكلىپ پىكىرلەر

دۇنيادىكى باشقا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بىلەن تور ئالاقىسى ۋە يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېرەك.

جوڭگۇدا دېموكراتىيىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن سىستېمىلىق ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلارنى پىلانلاش كېرەك.

[4] 1992 ـ يىلى 16 ـ قۇرۇلتاي ئېچىلمىغان، 14 ـ قۇرۇلتاي ئېچىلغان. 16 ـ قۇرۇلتاي 2002 ـ يىلى ئېچىلغان. (تەرجىماندىن)

## 5.1. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئۆزئۆملۈك ئىشتىراك

### 1.5.1 جوشا كۇپپېر ئەپەندىنىڭ دەرسى

(ھاۋاي كىشىلىك ھوقۇق ئىنىستىتۇتى ئوقۇتقۇچىسى)

كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى بىر غايە ئىدى. دۇنيا تارىخىدا تۇنجى قېتىم دۆلەتلەر بىر يەرگە يىغىلىپ، بارلىق ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا كىشىلىك ھوقۇقى بىلەن دۇنياغا كېلىدىغانلىقى، دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش مەسئۇلىيىتى بارلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. گەرچە خىتاپنامىنىڭ ئوتتۇز ماددىسى مۇشۇ ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمما تېخى بىرەيلەن مۇشۇلارغا ئاساسلىنىپ ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغىنى يوق.

سوغۇق ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى قىيىن ئەھۋالدا بارلىق گۇرۇھلارنى بىر يەرگە جەم قىلىشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان ئېلېئانور روزېۋېلتنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ھەيئەت ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى (UDHR) نى يېزىپ چىقتى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كېيىنچە خەلقئارا ئورگانلار، تەشكىلاتلار ۋە بىر كىشىلىك پۇقرالار ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىنى تەلەپ قىلالايدىغان رەسمىي ھۆججەت ماقۇللىدى. ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى (UDHR) ئاممىۋى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدە، غەرب ئەللىرى سايلاش - سايلىنىش ھوقۇقى، بىلەت تاشلاش ئەركىنلىكى، سۆز ئەركىنلىكى، يىغىلىش ئەركىنلىكى ۋە ئادىل سوتلىنىش ئەركىنلىكى قاتارلىق ئاممىۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلارغا بەكرەك ئېتىبار بەردى. ئۇلار خەلقئارا ئاممىۋى ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسى (ICCPR) نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەرق ئەللىرى ساقلىق ساقلاش ھوقۇقى، مائارىپ ھوقۇقى ۋە ئەمگەكچىلەر ھوقۇقى قاتارلىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقلىرىنى بەكرەك قوللىدى. بۇ ئەللەر خەلقئارا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھوقۇق ئەھدىنامىسى (ICESCR) پىلانىنى ئىمزالىدى.

كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يېڭى خەلقئارا قائىدە - تۈزۈم ۋە ئورگانلارنى قۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىۋېرسال خىتابنامە ۋە ئىككى خەلقئارا ئەھدىنامىدىن باشقا توققۇز كېلىشىم ئىمزالاندى. مۇشۇ كېلىشىملەر نەتىجىسىدە نازارەت قىلىش ئورگانلىرى بارلىققا كەلدى. ھازىر بىز مۇشۇ ئورگانلارغا ۋە سىلەرنىڭ قانداق قىلىپ ئۇلارغا يېقىنلىشالايدىغانلىقىڭلارغا قاراپ باقايلى.

ئىككى خەلقئارا ئەھدىنامىدىن كېيىن تۈزۈلگەن بىرىنچى كېلىشىم بولسا، 1969 - يىلى ئىمزالانغان «بارلىق ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش خەلقئارا ئەھدىنامىسى»دۇر. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بۇ ئەھدىنامىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى كۆزىتىدىغان «ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش كومىتېتى» قۇرۇلدى. بۇ تۇنجى قۇرۇلغان كېلىشىم ئورگىنى ئىدى ۋە تەركىبىدە 18 نەپەر مۇتەخەسسىس بار ئىدى. ئىرقىي كەمسىتىش ساھەسىگە سىلەر دىققىتىڭلارنى مەركەزلەشتۈرسەڭلار بولىدۇ. كۆپلىگەن يەرلىك خەلقلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ دەۋاسىنى بۇ كومىتېتقا (ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش كومىتېتىغا) ئېيتىدۇ.

يەنە بىر مۇھىم كېلىشىم بولسا، ئاياللارغا قارىتىلغان ھەر خىل شەكىلدىكى بارلىق كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسىدۇر. بۇنىڭدىن كېيىنكىسى «تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى». بۇنى گوللاندىيە ھۆكۈمىتى ۋە ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قوللاپ قۇۋۋەتلەپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى «بالىلار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» ۋە «كۆچمەن ئىشچىلار ئەھدىنامىسى»، بۇلار مۇھىملىرىدۇر. ئۆتكەن يىلى ئىككى يېڭى ئەھدىنامە ئىمزالاندى: بىرى، يوقاپ كەتكەنلەر[5] ھەققىدە، يەنە بىرى، مېيىپ - مەجروھلار[6] ھەققىدە. بۇلار كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ۋە ئىلگىرى ھەيئەت تەرىپىدىن تەييارلانغان.

ئەمدى بىز بۇ يەتتە كېلىشىم ئورگىنى ھەققىدە سۆزلەيمىز. بۇ كېلىشىملەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ بىردىن ئورگىنى بار ۋە بۇلار يىلدا ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم يىغىن ئاچىدۇ. ھەر بىر كېلىشىم ئورگىنىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ساندا ئەزالىرى بار. بۇ ئەزالارنى تەسىرلەندۇرۇشۇڭلار، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىشىڭلار ۋە بىرلىكتە دەۋايىڭلارنى تەشۋىق قىلىشىڭلار كېرەك. ئۇلار ئۆزىنىڭ ساھەسىدە پىشقان مۇتەخەسسىس. شۇڭا ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا سىلەر ئەستايىدىل، تەپسىلىي، ئىنچىكە ۋە ئېنىق دەلىل - ئىسپاتلىق ھالدا سۆزلىشىڭلار كېرەك. ئەگەر مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتساڭلار، بۇ مۇتەخەسسىسلەر سىلەرنىڭ ھىمايىچىڭلار، قوللىغۇچىلىرىڭلارغا ئايلىنىدۇ.

دۆلەتلەر بۇ خەلقئارا كېلىشىملەرنى ئىمزالىغان چاغدا، بۇ كومىتېتلار ئۇلارنى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. دۆلەتلەر قەرەللىك ھالدا دوكلات سۇنۇشى ۋە ھەر زامان تەكشۈرۈشكە ھازىر تۇرۇشى كېرەك. سىلەر ھەر دائىم بۇ خەلقئارا ئورگانلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ دەۋايىڭلار توغرىسىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتەلەيسىلەر. بۇ يەتتە كېلىشىمنىڭ ئىچىدە جۇڭگو پەقەت بەشىگىلا ئىمزا قويغان، بۇلارنى قوبۇل قىلىپ ئىمزا قويغان جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇلارغا ھۆرمەت قىلىشقىمۇ قوشۇلغان. بۇ دېگەنلىك، سىلەر بۇ ھەقتە ئۇلاردىن ھېساب سورىيالايسىلەر دېگەنلىكتۇر.

مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ جەرياننى بىر ھامبورگ توقىچىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. سىلەر بولكا قىسمىدا، يەنى ئاساسىي قاتلامدا تۇرىسىلەر. سىلەر ئۈيغۇرلار بولكىنىڭ ئاستى قىسمىدىن ئىتتىرىسىلەر. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بولكىنىڭ ئەڭ ئۈستى قىسمىدا بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار سىلەر تەمىنلىگەن جۇڭگودىكى ئەھۋاللارنى پاش قىلالايدىغان ئۈچۈرلارغا تايىنىدۇ. جۇڭگو بولسا، بولكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۆش. سىلەر ھەر ئىككى تەرەپكە بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق ھامبورگدىن بىر چىشلەم ئالالايسىلەر.

## دوكلات قەدەم باسقۇچى

كېلىشىم ئورگانلىرى ئىككى خىل پەرقلىق ئۇسۇلدا خىزمەت قىلىدۇ. بىرىنچىسى: دوكلات رەسمىيىتى. كېلىشىمگە ئىمزا قويغۇچىلارغا، مەسىلەن: جۇڭگوغا كومىتېت تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈلگەن بىر دوكلات دۆلەتنىڭ دوكلاتى بىلەن بىرلىكتە بېرىلىدۇ. جۇڭگو دوكلاتقا قاراپ چىققاندىن كېيىن، بۇ يەردە ھېچقانداق ئالاھىدە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى يوق دېيەلەيدۇ. ئەگەر سىلەرنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكىڭلار

---

[5] يوقاپ كەتكەنلەر ھەققىدىكى ئەھدىنامە: International Convention for the Protection of All Persons from Enforced Disappearance

[6] مېيىپ-مەجروھلار ھەققىدىكى ئەھدىنامە: International Convention on the Protection and Promotion of the Rights and Dignity of Persons with Disabilities.

بولمىسا، بۇ كومىتېت دەسلەپكى قەدەمدە بىرەر مەلۇماتنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار «كۆلەڭگە دوكلات»[7] سۇنۇشنى باشلىشى، جۇڭگودىكى كىشىلىك هوقۇق ۋەزىيىتىنى ماددىمۇ ماددا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ھەر قايسى ئورگانلارغا مۇشۇنداق سىستېمىلىق ئۇسۇلدا يېقىنلىشىش كېرەك.

مەسىلەن: باللارنىڭ هوقۇقى ئەھدىنامىسىنىڭ 17 ـ 21 ـ ۋە 31 ـ ماددىسى ئىنتايىن پايدىلىق. بۇ ماددىلارغا ئاساسلانغاندا، يەرلىك مىللەت پەرزەنتلىرى مەكتەپتە ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا ئوقۇتۇلۇشى كېرەك. خەلق ئۆزىنىڭ يەرلىك تىلىدا مېدىيا (ئاخبارات قاتارلىق تارقىتىش ۋاستىلىرى) دىن بىمالال پايدىلىنىشى، كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ ھەممىسىدە يەرلىك خەلقنىڭ تىل يېزىقى بولۇشى كېرەك. ئەگەر سىلەر ياشاۋاتقان يەردە بۇ ئۈچ ماددىغا ھۆرمەت قىلىنمىغان بولسا، ئۇنداقتا سىلەردە مەسىلە بار، دەۋا قىلساڭلار بولىدۇ. سىلەر 17 ـ ماددىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۆزۈڭلارنىڭ تىلىڭلاردا دەرسلىك كىتاب يوقلىقىنى ياكى تىلىڭلارنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويساڭلار بولىدۇ. بۇ پەقەت بىر مىسال. سىلەر ھەر بىر كېلىشىم ئۈستىدە بىر پائالىيەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى ماددىمۇ ماددا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈدىغان «كۆلەڭگە دوكلات» سۇنۇشقا كاپالەتلىك قىلالىشىڭلار كېرەك. جۇڭگو بۇ ئورگانلارغا دوكلات قىلغاندا، سىلەر تەييارلىغان «كۆلەڭگە دوكلات»مۇ خەلقىڭلارنىڭ قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى دەل، ئېنىق، توغرا تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان بولسۇن!

كومىتېتلار يىغىن ئاچقاندا بەزى ئىشلارنى قىلساڭلار بولىدۇ. بەزى كومىتېتلار سىلەرگە سۆزلەش پۇرسىتى بېرىدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى كىشىلىك هوقۇق كومىتېتى بىلەن بىرگە يىغىن ئاچقان چاغدا باشقا ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ئەزالىرى بىر «كۆلەڭگە دوكلات» ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ يەردە 18 نەپەر مۇتەخەسسىس ھازىر تۇرىدۇ. بۇ مۇتەخەسسىسلەر مەلۇم بىر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سايلانغان ۋە تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ساھەسىدە خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق بىر دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ. ئاياللارنى خارلاشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتىدا 23 نەپەر مۇتەخەسسىس بار. ئۇلارنىڭ 22 نەپىرى ئايال. ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئىچىدىكى بىرەيلەن ۋېيېنامدىكى كخمېر كروم فېدېراتسىيىسىدىن كەلگەن. ئۆتكەن 1 ـ ئايدا ئۇلار ئاياللارنى خارلاشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتىغا بىر «كۆلەڭگە دوكلاتى» سۇنغان ئىدى، بۇ كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىندى ۋە ئىشلار ئىجابىي بىر يۆنىلىشكە قاراپ ئۆزگەردى. «كۆلەڭگە دوكلات» بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە يېزىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ تەسىرى مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەتنى ئىككى يىللىق قايتا تەكشۈرۈلۈش ئىچىدە قويۇشقا يېتىپ ئاشىدۇ. كخمېر فېدېراتسىيىسى ھەتتا يىغىن ئېچىلغان كۈنى ئاياللارنى خارلاشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى بىلەن بىۋاستە سۆزلەشتى. بىز تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، سەككىز سوئال ئىچىدىن تۆت سوئالنى مۇتەخەسسىسلەر كېيىن ۋېيتنام ھۆكۈمىتىدىن سورىدى. بۇ مۇتەخەسسىسلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك هوقۇق ۋەزىيىتىگە دائىر ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارغا چۈشەندۈرسەڭلارلا ئۇلار سىلەرنىڭ قول ـ قانىتىڭلارغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار سوئال سوراش بىلەنلا قالماي، يەنە تېخى تەكلىپ پىكىرلەرنىمۇ بېرىدۇ.

ھەر بىر ئورگانغا بىردىن «كۆلەڭگە دوكلات» ھازىرلاپ سۇنۇپ، ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ. ئەگەر سىلەر يۇرتۇڭلاردا نېمە قىلىنىشى كېرەكلىكى ۋە قەدەم باسقۇچلىرىنىڭ قانداق بولۇشى

---

[7] «كۆلەڭگە دوكلات» ئېنگلىزچە "shadow reports"، ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ مەلۇم بىر دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ دوكلاتىغا پاراللېل ھالدا خەلقئارالىق تەشكىلاتقا يوللايدىغان دوكلاتى. بۇ دوكلات ھۆكۈمەت دوكلاتىغا نىسبەتەن نازارەتچىلىك رولىنى ئوينايدۇ.

كېرەكلىكىنى بىلسەڭلار، بۇ ھەقتىمۇ بىر تەكلىپ لايىھىسى تۈزۈپ، بۇنى مۇتەخەسسىسلەرگە بەرسەڭلار بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئىككى نۇقتىسى بار: ئاۋۋال، يۇز بېرىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى ھەققىدە دەرھال قارارغا كېلىش ۋە دەلىل - ئىسپاتلىق ھۆججەت تەييارلاش. ئاندىن ئۇنى مۇھىم نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ، ئۇيغۇن بىر قانالغا (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى مۇناسىۋەتلىك كېلىشىم ئورگىنىغا) يەتكۈزۈپ بېرىش.

ئادەتتە، تەكلىپ پىكىر قىسمىدا ئۈچ خىل ئېھتىماللىق مەۋجۇد: بىرىنچىسى، تەبىئىي كەمسىتىش خاراكتېرىدىكى قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ ئىككىنچىسى، سىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلارنى قوغدايدىغان بىر يېڭى قانۇن تەلەپ قىلىش؛ ئۈچىنچىسى، خەلقئارا كېلىشىم ئورگانلىرىدىكى كۆرسەتمىلەرگە ئاساسەن سىلەرنىڭ ھوقۇقۇڭلارنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىر يېڭى قانۇن تۈزۈپ چىقىش.

## شەخسىي شىكايەتچىلەر

بۇ بىرىنچى باسقۇچقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپ بولسا شەخسنىڭ شىكايىتىگە چېتىلىدۇ. ئەگەر بىر شەخسنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغان بولسا، قولغا ئېلىنىپ تەن جازاسىغا ئۇچرىغان بولسا، مەكتەپكە ئېلىنمىغان بولسا، دىنىي پائالىيىتى چەكلەنگەن بولسا...، ئۇشبۇ شەخس مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ بىرىگە يولۇققاندا ئۆزى ئەرز قىلسا بولىدۇ. «كۆلەڭگە دوكلاتلار» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كۆن تەرتىپى بويىچە ئەنگە ئېلىنىدۇ، ئەمما شەخسىي شىكايەتلەرنى ھەر قانداق چاغدا ئەرز قىلسا بولۇۋېرىدۇ. بىرەر ۋەقە يۈز بەرگەندە، دەرھال ئاخبارات ئېلان قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا كىچىككىنە مۇناسىۋەتلىك كېلىشىم ئورگانلىرىغا مەلۇم قىلىپ جۈڭگوغا بېسىم ئىشلەتسەڭلار بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ كۆپىنچىسى جەنۋەدە، پەقەت ئايالالارنى خارلاشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتىلا نيۇيوركتا. ئەلۋەتتە، ئۇلارغا ئېلخەت يازساڭلار، فاكس يوللىساڭلار ياكى مەكتۇپ ئەۋەتسەڭلارمۇ بولىدۇ. ئادەتتە ئۇلار ۋاقتىدا جاۋاب قايتۇرىدۇ.

مەسىلەن: ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش كومىتېتى نىزامنامىسىنىڭ 14 - ماددىسىغا ئاساسەن، ئىرقىي كەمسىتىش دائىرىسىدىكى كېلىشىمنىڭ «تېز تېگىش قىلىش» قىسمىغا دوكلاتقا ئىلتىماس قىلساڭلار بولىدۇ. باشقا بىر ماددىسىدا «ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش، تېز ھەرىكەت قوللىنىش» دېيىلگەن. ئەگەر سىلەر بىر نامايىش ياكى يىللىق خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى پىلانلاۋاتقان بولساڭلار، بۇ ھەمىشە جۇڭگو تەرىپىدىن قاتتىق باستۇرۇلىدۇ. شۇڭا سىلەر ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش كومىتېتىغا چۈشەنچە بېرىپ، ئۇلاردىن «ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش، تېز ھەرىكەت قوللىنىش» رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىڭلار كېرەك. بۇنداقتا ئۇلار يىغىلىش مەزگىلىدىلا جۇڭگونى چاقىرىپ، بېسىم ئىشلىتىدۇ. ئەگەر جۇڭگو باستۇرۇش پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتمىسە، كومىتېت دەرھال قارار چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى بىر يىل ئارقىغا سوزۇپ قايتا - قايتا تەكشۈرىدۇ. بىز ئاۋىستراليىگىمۇ شۇنداق قىلغان ئىدۇق. بۇ بۇنىڭ پەقەت «ئاجىز دۆلەتلەر»گىلا قارىتىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاخىرىدا ئاۋىستراليە كومىتېتتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. چۈنكى ئۇلار بۇ مەسىلىنىڭ تىلغا ئېلىنىشىنى توسۇپ قالالمىدى. بىر يېرىم يىلدىن بۇيان كومىتېتنىڭ ھەر قېتىملىق يىغىنىدا يەرلىك ئاھالە ئابورجىنلار مەسىلىسى ھەققىدە ئاۋىستراليە ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىلدى. ئىلگىرى ئادەتتە پەقەتلا گېزىتنىڭ ئارقىسىغا بېسىلىدىغان بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر ئەمدىلىكتە گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىگە ئەڭ

مۇھىم خەۋەر قاتارىدا بېسىلىدىغان بولدى. شۇنداقلا ئاۋستىرالىيە بۇ كومىتېتنىڭ بېسىمى تۈپەيلى ئەسلى پىلانىدىكى بىر ئىرقچى يېڭى قانۇننى ماقۇللىيالمىدى. بۇ يېڭى قانۇن ئابورجىنلارنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى تېخىمۇ كۆپ تارتىۋالماقچى ئىدى، لېكىن كومىتېت بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق بۇنى توسۇپ قالالىدى. مانا بۇ ئاخبارات ۋاستىلىرىدا سەزگۈرلۈكنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، خەلقنى سەپەرۋەر قىلىشتىكى ئۈنۈملۈك بىر ئۇسۇلدۇر.

ئاياللارنى خارلاشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى يەنە بىر تاللانما نىزامنامە تۈزگەن بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسەن شەخسلەر ئەرز ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ئۇلارمۇ ئەرز ئىلتىماسلارنى بىجانىدىل قوبۇل قىلىدۇ. كېلىشىم ئورگانلىرى جۇڭگوغا ئائىت ئەرزلەرنى ساقلاۋاتقىلى ھەقىقەتەن ئۇزۇن ۋاقىت بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردە سىلەر دوكلات سۇنۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مۇقىم بىر ۋاقىت جەدۋىلى بار. ئاياللارنى خارلاشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى بىلەن ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش كومىتېتىغا سۇنۇلىدىغان ھەر ئىككى دوكلات كېچىكتى. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ دوكلاتنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشى ئۈمىدى بىلەن مەخسۇس خاتىرىلەش كۈنىنى تاللىدۇق. ھەر ئىككىسىگە چاپسان بولساڭلار بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىنىدىكى كېلىشىم ئورگانلىرىدىكى خەلقئارا ئورگانلارنى مۇنداقلا قىسقىچە بىر چۈشەندۈرۈش خالاس. گەرچە جۇڭگو خەلقئارا ئاممىۋى ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسى بىلەن خەلقئارا كۆچمەن ئىشچىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغداش ئەھدىنامىسىگە قول قويمىغان بولسىمۇ، سىلەر ئۇلارنى بۇلارغا قول قويغۇزۇش ئۈچۈن بېسىم ئىشلىتەلەيسىلەر. ئەمما بۇنىڭدىن ئىلگىرى سىلەر كۆپ ئىشلارنى قىلالايدىغان بەش كېلىشىم (جۇڭگو قول قويغان بەش كېلىشىم) بار.

## سابىق كىشىلىك ھوقۇق ھەيئىتى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قارايدىغان بولساڭلار، بۇ يەردە سىلەر ھازىر ھەممىسىنى بىلىدىغان كېلىشىم ئورگانلىرى بىلەن يەنە ئاساسىي قانۇن ئورگانلىرى بار. بۇ ئاساسىي قانۇن ئورگانلىرى، مەسىلەن: ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كېڭەش (ECOSOC)، سابىق كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى (CHR) نىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى (Human Rights Council) ۋە ئالاھىدە مۇخبىرلار ( Special Rapporteurs) دىن ئىبارەت.

ئاساسىي قانۇن ئورگانلىرى سىلەرنىڭ جۇڭگوغا بېسىم ئىشلىتىشىڭلاردا مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى جۇڭگو (گومىنداڭ) 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سان - فرانسىسكودا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا بىرىنچى بولۇپ ئىمزا قويغان. 60 يىلدىن بۇيان كىشىلىك ھوقۇققا ئائىت ئاساسىي قانۇن ئىنتايىن ئۆلچەملىك ھالدا تۈرۈۋاتىدۇ. ئەڭ ئاساسلىق ئورگىنى بولسا كىشىلىك ھوقۇق ھەيئىتىدۇر. بۇ ھەيئەت ئادەتتە ھەر يىلى 3 - ئاي بىلەن 4 - ئاي ئوتتۇرىسىدا ئالتە ھەپتە يىغىن ئاچىدۇ. ھەر يىلى كېلەر يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاساسىي قانۇن دائىرىسىدە كىشىلىك ھوقۇققا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرىدىغان مۇھىم ئورگان كىشىلىك ھوقۇق ھەيئىتىدۇر. تەشەببۇسكارلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە، بۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كېڭەشكە بارىدۇ. بۇ يەردىن ئومۇمىي كېڭەشكە سۇنۇلىدۇ. ئومۇمىي كېڭەش يىغىنى ئېچىلغاندا سىلەرگىمۇ بىر كىشىلىك ئورۇن بېرىلىدۇ. شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، بۇ ھەيئەتنىڭ خىزمىتىگە ئىشتىراك قىلىشىڭ ئۆزىلا چوڭ بىر قەدەم ئالغا

ئىلگىرىلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىشىلىك ھوقۇق ھەيئىتى 53 ھۆكۈمەت ۋە 26 نەپەر مۇتەخەسسىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر گۇرۇپپىدىن تەركىب تاپقان. سىلەر ئۇلارغا ئەھۋالىڭلارنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئەتراپىڭلارغا توپلاپ، بىر دۆلەتكە بېسىم ئىشلىتىدىغان ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇزالايسىلەر. بۇ ھەيئەت 60 يىلدىن بۇيان تاكى ئۆتكەن يىلغىچە مۇشۇ تەرىقىدە ئىشلەپ كەلدى. كىشىلىك ھوقۇق ھەيئىتى ھۆكۈمەتسىز كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بارلىق تەشۋىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىشىدىكى مۇھىم ئورگان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىر گۇرۇھنىڭ، يەنى ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ مۇشۇ كىشىلىك ھوقۇق ھەيئىتى ئارقىلىق يەر شارى خاراكتېرلىك بىر ھەرىكەتنى قانداق قوزغىغانلىقىنى مىسالغا ئالساق، 1977 - يىلى خەلقئارادا دىققەت ئىرقىي كەمسىتىشكە قارىتىلغان بىر پەيتتە، يەرلىك ئاھالە ۋەكىللىرى ئىرقىي كەمسىتىش ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىندى. بۇ يىغىندىن كېيىن، 1981 - يىلى يەرلىك ئاھالىلەر يەر - مۈلۈك ھەققىدە كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىشقا يەنە چاقىرىلدى. كېيىنكى يىلى ئۇلار يېتەرلىك بېسىم ئىشلىتىپ «يەرلىك ئاھالە ئىشلەمچىلىرى» (WGIP) ھەققىدە بىر قانۇن چىقارغۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. ئىشلەمچىلەر مەسىلىسى گۇرۇپپىسىدا بەش نەپەر مۇتەخەسسىس بار. ئادەتتە ئۇلار ياز پەسلىدە 7 - ئايدا يىغىن ئاچىدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلارنى قايىل قىلىپ ئەتراپىڭلارغا توپلىيالىساڭلار، 26 كىشىلىك مۇتەخەسسىسلەر 8 - ئايدا ئىككى - ئۈچ ھەپتىلىك يىغىن ئۆچۈن يىغىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭلارغا ئائىت بىرەر مەسىلىنى ئىنكاس قىلالىساڭلار بولىدۇ. يەرلىك ئاھالە ۋەكىللىرىنىڭ قانداقلارچە بۇ يەرگە كىرەلىگەنلىكى ۋە مەسىلىسىنى كەڭ كۆلەمدە ئاڭلىتىپ، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش ئىنتايىن مۇھىم. «يەرلىك ئاھالە ئىشلەمچىلىرى» ناملىق بۇ ئورگانغا كۆپلىگەن يەرلىك خەلقلەر قاتناشقان. 1982 - يىلى يېڭى قۇرۇلغان چاغدا دەسلەپتە ئون نەچچە كىشى ئىش باشلىغان ئىدى، ئەمدىلىكتە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مىڭدىن ئارتۇق يەرلىك ئاھالە ۋەكىلى «يەرلىك ئاھالە ئىشلەمچىلىرى» يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئورگان يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ دۇنياۋى كېڭەشى بولۇپ قالدى. ھەر يىلى پەرقلىق تېمىلار (ئەسكەر چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىش، بالىلار ھوقۇقى...... قاتارلىقلار) مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. ئادەتتە ئەگەر سىلەر بىر مەسىلىنى «يەرلىك ئاھالە ئىشلەمچىلىرى» ئورگىنىغا ئېلىپ كەلسەڭلار، ۋەقەلىكنىڭ قۇرۇلمىسى ياخشى قۇراشتۇرۇلغان بولسا، ئۇ ئۇدۇل 26 كىشىلىك مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىغا كېتىدۇ. بۇ گۇرۇپپىدىكى مۇتەخەسسىسلەر كەسىپتە پىشقان بولۇپ، سىلەرگە ياخشى ھەمدەم بولالايدۇ. بۇ ئىش ئوڭۇشلۇق بولسا، مەسىلە ھەيئەت تەرىپىدىن 3 - ئاي ياكى 4 - ئايدا تەستىقلىنىدۇ. ئاندىن 7 - ئايدا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كېڭەش تەستىقلايدۇ. ناھايەت، كېيىنكى يىلى ئومۇمىي كېڭەشتە مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. ئومۇمىي كېڭەشنىڭ 1 - يىغىنى ئادەتتە 9 - ئاينىڭ 2 - ھەپتىسى سەيشەنبە كۈنى ئېچىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ. ئاساسىي قاتلامدىكى پائالىيەتچىلەرنىڭ بىر مەسىلىنى ئومۇمىي كېڭەش يىغىنىدا مۇزاكىرىگە سۇنۇشىغا ئەڭ ئاز ئىككى يىل ۋاقىت كېتىدۇ.

## يېڭى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى

بۆلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن يىلى ئۆزگەرگەن. كىشىلىك ھوقۇق ھەيئىتىنىڭ ئورنىغا كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى دەسسىدى. بۇ كېڭەش 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 1 ـ قېتىملىق يىغىنىنى ئاچتى ۋە ھازىرغىچە بارلىق ساھەلەردە خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. لېكىن يېڭى ئىشلار يېڭى پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 47 نەپەر ئەزاسى بار. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان، شۇڭا ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشالايسىلەر. بۇ بىر پايدىلىق ئىستراتېگىيە بولغۇسى. كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى كىشىلىك ھوقۇق ھەيئىتىدەك يىلدا بىر قېتىم يىغىن ئاچمايدۇ، بەلكى بىر يىلدا ئۈچ ـ تۆت قېتىم يىغىن ئاچىدۇ. (ئۆتكەن يىلى تۆت قېتىم يىغىن ئاچتى.) بۇ ئەگەر بۇ يەردە بېسىلىپ تۇرۇپ قالغان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بار بولسا، سىلەرنىڭ 3 ـ ئاي ياكى 4 ـ ئايغىچە ساقلاپ تۇرۇشۇڭلارغا كېرەك قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كېڭەشنىڭ 5 ـ قېتىملىق يىغىنى 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ 18 ـ كۈنلىرى جەنۋەدە ئېچىلماقچى.

كېڭەش يىغىن ئېچىۋاتقان مەزگىلدە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ياكى چۈشلۈك تاماق ۋاقىتلىرىدا سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە سۆز بايان قىلالايسىلەر. بۇ يىغىنغا كۆپ كىشى قاتنىشىدۇ ۋە سىلەر ياخشى بىر تەشۋىقات مەقسىتىگە يېتەلەيسىلەر. ئەگەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا بارساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن زىچ بولغان خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بار. ياندىش يىغىن چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا سائەت 1:00 بىلەن سائەت 3:00 ئارىسىدا بولىدۇ. بۇ پەيتتە سىلەر بىر دوكلات بېرىش يىغىنى ياكى كىچىك مەجلىس ئۇيۇشتۇرساڭلار، مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى توغرىسىدا 10 مىنۇتلۇق سۆزگە تەكلىپ قىلالايسىلەر. جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، ئەگەر رابىيە قادىر خانىم سۆزگە چىقسا، ئاڭلىغۇچىلار چوقۇم ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. يېقىندا ئېچىلىدىغان يىغىندا مۇشۇنداق بىر سورۇننى پىلانلاشقا ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ياردەملەشسە بولىدۇ.

ھەيئەتنىڭ ئورنىغا ئالماشقان ھازىرقى كېڭەش جۇشقۇن ھاياتى كۈچكە ئىگە. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا باشقا كېڭەشلەردىن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كېڭەش بىلەن خەۋپسىزلىك كېڭىشى بار. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سابىق باش كاتىپى كوفى ئاننان ئېيتقاندەك، كىشىلىك ھوقۇق، خەۋپسىزلىك ۋە تەرەققىيات ھازىر باراۋەر ئورۇندا. ئاننان كەسكىن ھالدا: «باشقىسى بولمىغان ئەھۋالدا، بۇ ئۈچىنىڭ ھەر قانداق بىرىگە ئىگە بولالمايسىز.» دېيىش ئارقىلىق «خەۋپسىزلىك»، «كىشىلىك ھوقۇق» ۋە «تەرەققىيات» ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلمەس زىچ باغلىنىشنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ئىلگىرىكى كىشىلىك ھەيئىتىگە ئوخشاش ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كېڭەشنىڭ قارمىقىدا ئەمەس. كېڭەش مەسىلىنى بىۋاسىتە ھالدا ئومۇمىي يىغىنغا دوكلات قىلىدۇ. كېڭەشتە ھەيئەتتىكىگە قارىغاندا قوشۇمچە يىغىنلار كۆپ بولىدۇ. كېڭەش ئالاھىدە يىغىنلارنى ئاچالايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ كېڭەش قۇرۇلۇپ تۇنجى يىلىدىلا تۆت قېتىم ئالاھىدە يىغىن ئېچىلدى. كىشىلىك ھوقۇق ھەيئىتى 60 يىل مابەينىدە ئاران ئىككى قېتىم ئالاھىدە يىغىن ئاچقان ئىدى. شۇڭا بۇ يەردە كىشىلىك ھوقۇق تېمىسىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەنلىكى، كۈچلەنگەنلىكىنى كۆرىۋالساڭلار بولىدۇ.

47 نەپەر ئەزاسى بار كېڭەش يېپ ـ يېڭى بولغاچقا، ئىلگىرىكىدەك تاللاپ، ئىلغاپ ئولتۇرمايدۇ. ئۆتكەن يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۇلار كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە ئەزا بولىدىغانلار ئۈچۈن بىرىنچى قېتىم سايلام ئېلىپ بارغان ئىدى. ھەممە دۆلەتلەر ئۇنىڭغا ئەزا بولۇش ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇقنى قانداق قوغدايدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ ۋەدە قەسەملەرنى قىلىشتى. كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىش

ھەققىدە قىلىنغان ئىختىيارىي ۋەدە قەسەملەر بەك كۆپ ئىدى. ئاقىۋەتتىنى بىلگىلى بولمايدىغان چوڭ مەسىلە يەنىلا كىشىلىك ھوقۇق مائارىپ مەسىلىسى ئىدى. قاتنىشىشقا قوشۇلغان بارلىق دۆلەتلەر كىشىلىك ھوقۇق مائارىپىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى ئېيتىشتى. سىلەر دەسلەپتە ئۆزۈڭلارنىڭ بەلگىلىك ھوقۇقۇڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلىشتىن باشلايسىلەر. بۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش. سىلەر ھەق - ھوقۇقۇڭلارنى بىلىسىلەر، ئاندىن ئۆزۈڭلارنىڭ ھوقۇقۇڭلارنى تەلەپ قىلالايسىلەر، ئاندىن قانداق ۋاستە ئىشلىتىدىغانلىقىڭلارنى بىلىسىلەر.

كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىكى باشقا بىر يېڭىلىق شۇكى، ئۇلار «ئۇنىۋېرسال قەرەللىك تەكشۈرۈش» (Universal Periodic Review) مېخانىزمىنى قۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ مېخانىزم ئارقىلىق ھەر بىر دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ئۈچ يىلدا بىر قېتىم قايتا تەكشۈرۈلىدۇ. بۇ يېڭى مېخانىزمدا دۆلەتلەر بۇرۇن كېلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىلگىرىكى ئارخىپلىرىدا ئۆزىگە ئائىت كىشىلىك ھوقۇق سەتچىلىكى ۋەقەسى يوقلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى ئاقلاشقا مەجبۇر. «ئۇنىۋېرسال قەرەللىك تەكشۈرۈش» بىر يېڭى مېخانىزم بولۇپ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر ساھە، شۇڭا ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار ئاكتىپ ھالدا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ئۇنىڭ ئاجىزلىشىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. «ئۇنىۋېرسال قەرەللىك تەكشۈرۈش» بىر يېڭى سىستېما، شۇڭا جۇڭگو بەزى كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىلىرىنى ئىمزالىمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ مېخانىزم ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىدىن يەنىلا ھېسابقا تارتىلىۋېرىدۇ.

كىشىلىك ھوقۇق ھەيئىتىدە ئالاھىدە تېمىلاردا ياكى دۆلەتلەردە ئىشلەيدىغان، مۇستەقىل مۇتەخەسسىس دەپمۇ ئاتىلىدىغان 44 نەپەر ئالاھىدە مۇخبىر بار. شۇنى قىستۇرۇپ قويايكى، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، جۇڭگوغىمۇ بىر ئالاھىدە مۇخبىر تەيىنلەش بىز ئۈچۈن قىيىن. ئەگەر بىرەيلەن مۇشۇنداق بىر لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويسا، جۇڭگو ئۆزىنىڭ بارلىق سىياسىي ئېغىرلىقىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ لايىھەنى ماقۇللاتمايدۇ. ئالاھىدە مۇخبىرلارنى چىقىرىۋەتكەن 13 دۆلەتكە قارايدىغان بولساڭلار، بۇ دۆلەتلەر: بېلورۇسىيە، بروندى، كامبۇدژا، كۇبا، ھايتى، لىبېرىيە... ئەڭ قاتتىق قول بولغىنى بىرما. گەرچە قىيىن بولسىمۇ، سىلەر جۇڭگودا بىر ئالاھىدە مۇخبىر تۇرغۇزۇش ھەققىدە بېسىم ئىشلىتىشنى ئويلاشساڭلار بولىدۇ.

ھازىر باش كاتىبلىقتا 22 نەپەر تېمىسى بار ئالاھىدە مۇخبىر، تۆت نەپەر مۇستەقىل مۇتەخەسسىس ۋە ئۈچ نەپەر ئالاھىدە ۋەكىل بار. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش مۇخبىر. بۇلارنىڭ ئىچىدە سىلەر تونۇشۇشنى خالايدىغان بىرى پروفېسسور رودولفو ستاۋېنخاگېن. ئۇ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئاساسلىق ئەركىنلىكى ۋە كىشىلىك ھوقۇقى ساھەسىدە خىزمەت قىلىدۇ. باشقا مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدە مۇخبىرلاردىن بىرى يېمەكلىك ھوقۇقى، بىرى ئاياللارغا قارىتىلغان زوراۋانلىق قىلمىشلىرى ساھەسىدە ئىشلەيدۇ. يەنە بىرى بولسا، كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى مۇتەخەسسىسى. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇۋاتقانلاردىن كۆپ قىسمىڭلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىسى بولۇشقا سالاھىيىتى توشىدۇ. جۇڭگوغا ئوخشايدىغان نۇرغۇنلىغان ھۆكۈمەتلەر ئالاھىدە مۇخبىرلارنى دۆلىتىگە كىرگۈزۈشنى خالىمايدۇ. چۈنكى ئالاھىدە مۇخبىرنىڭ كېلىشى دېگەنلىك 40 نەپەر مۇتەخەسسىسنىڭ دۆلەتنى زىيارەت قىلىپ، دەلىل، ھۆججەت توپلىشى ۋە ئۇشبۇ دۆلەت ھەققىدە دوكلات يېزىشى دېگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئالاھىدە مۇخبىرلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلاشقىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئاياللار ۋە بالىلارنى قانۇنسىز ئېلىپ - سېتىش قىلمىشى ھەققىدە بىر ئالاھىدە مۇخبىر بار. ئەگەر سىلەرنىڭ جەمئىيىتىڭلاردا بىرەيلەن

ئايالالار ۋە باللارنى قانۇنسىز هالدا ئېلىپ - ساتقان بولسا، جەنۇۋەدىكى ئالاهىدە مۇخبىر بىلەن ئالاقىلەشسەڭلار، ئۇلار دەرهال هۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتىدۇ. مانا بۇ بەزى ئالاهىدە تېمىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇهىم بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى. گەرچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇمكىن بولمىسىمۇ، سىلەر يەنىلا ئالاهىدە مۇخبىرلارنىڭ دۆلىتىڭلارنى زىيارەت قىلىشىنى تەلەپ قىلساڭلار بولىدۇ. بۇ ئالاهىدە مۇخبىرلار سىلەرنىڭ ۋەتىنىڭلارنى زىيارەت قىلىپ، هەقىقىي ئەهۋاللار هەققىدە دوكلات يازىدۇ. ئالاهىدە مۇخبىرلار زىيارەت جەريانىدا قانۇنلارنى، كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى تەكشۈرۈپ دوكلات يازىدۇ ۋە تەكلىپ پىكىرلەرنى بېرىدۇ. ئۇلار خەلقئارا قانۇندا هەيۋەتلىك، تاقابىل تۇرۇش قىيىن بولغان بىر كۈچنى تەشكىل قىلىدۇ. هەر بىر ئالاهىدە مۇخبىرنىڭ بىر - ئىككى ياردەمچىسى بار. سىلەر بۇلارنى ياخشى تونۇشۇڭلار ۋە يېقىنلىشىشنى مەقسەت قىلىشىڭلار كېرەك.

كىشىلىك هوقۇق ئالىي هەيئىتىنىڭ ئىشخانىسى بار. ئالىي هەيئەت هەر يىلى كىشىلىك هوقۇق توغرىسىدا جۇڭگو بىلەن سۆهبەتلىشىدۇ. بۇ «قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك دىئالوگ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دىئالوگ ئىرلاندىيىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى مارى روبىنسون خانىم كىشىلىك هوقۇق ئالىي هەيئىتى بولغان چاغدا باشلانغان ئىدى. كانادا ئالىي سوت مەهكىمىسىنىڭ سوتچىسى لۇئىسې ئاربۇر خانىم ئۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلىنىپ، بۇ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.

ناهايەت، بىز قىسقىچە تونۇشتۇرغان بۇ ئورگانلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سىستېمىسى ئىچىدىكى مېڭىشقا بولىدىغان كوچىلارغا ئوخشايدۇ. مەن سىلەرنى بۇ يەردىكى خىزمەتلەرگە يېقىندىن ئەگىشىشكە ۋە يېڭى قۇرۇلغان كىشىلىك هوقۇق كېڭىشىگە قاتنىشىشقا دەۋەت قىلىمەن. گەرچە بۇ يەردە مۇستەهكەم ئاساسى بار تەنقىدلەر ۋە بەزى خىرىسلار مەۋجۇد بولسىمۇ، ئەمما كېڭەش سەهنىسى، ئىلگىرىلەشلەر ۋە ئۆزگىرىشلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلانساڭلار، ئۇيغۇر دەۋاسىغا بىۋاستە پايدا ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

## 2.5.1 تەكلىپ پىكىرلەر

جۇڭگودىكى كىشىلىك هوقۇقنى كۆزىتىدىغان كومىتېتلارغا «كۆلەڭگە دوكلات» سۇنۇش كېرەك.

ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش كومىتېتى بىلەن ئايالالارنى خارلاشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى جۇڭگوغا ئائىت دوكلاتلارنى ساقلاۋاتقىلى ئۇزۇن ۋاقىت بولدى. خاتىرىلەش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ هەقتىكى دوكلاتلارنى سۇنۇش ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىدا تەشۋىق قىلىش كېرەك.

كىشىلىك هوقۇق كېڭىشىنىڭ ئالاهىدە مۇخبىرلىرىغا ئۈچۈر ئەۋەتىش ۋە هەرىكەت قوللىنىشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

كىشىلىك هوقۇق كېڭىشىنىڭ يىغىنلىرىدا قوشۇمچە پائالىيەت تەشكىللەش كېرەك.

كىشىلىك هوقۇق كېڭىشىنىڭ مۇسۇلمان ئەزالىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش كېرەك.

## 2. دىپلوماتىيە، خەلقئارا قانۇن ۋە ئۇنۇملۇك تەشكىللىنىش

### 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سەيشەنبە

### 1.2. خەلقئارا ئۇنۇملۇك دىپلوماتىيىنى تونۇشتۇرۇش

### 1.1.2 پروفېسسور دوكتور جورق فرېركسىنىڭ دەرسى

(ئۈترېخ ئۇنىۋېرسىتېتى توقۇنۇش تەتقىقات مەركىزى)

مېنىڭ نۇتقۇمنىڭ تېمىسى «خەلقئارا ئۇنۇملۇك دىپلوماتىيىنى تونۇشتۇرۇش». تېما ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بەرمەكچىمەن. ئاۋۋال خەلقئارا دىپلوماتىيە ۋە سىياسەت تارىخىنى ئىخچاملىغان ھالدا بايان قىلىمەن. ئاندىن ھازىرقى يۈزلىنىشنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، خۇلاسەمنى تەقدىم قىلىمەن. بۇنىڭ سىلەرگە پايدىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تارىخ كىتابلىرىمىزدىن بىلىشىمىزچە، دىپلوماتىيە پادىشاھلار ۋە ئىمپېراتورلار ھەرخىل ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە ئەلچىلەر ئەۋەتىشكەن مەزگىلدە باشلانغان. ئۆتكەن ئەسىردە دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەت ھوقۇقلۇق ئەلچىلەر، كۆپ تەرەپلىمە ۋە ئىككى تەرەپلىمە مۇناسىۋەت تەشكىلاتلىرىغا مەركەزلەشكەن. دىپلوماتىيە ئۆتكەن ئەسىردىن بۇيان دۆلەتلەرگە مەركەزلەشكەن ۋە جۇمھۇر رەئىسلەر، باش ئەلچىلەر، گېنېراللار، ئالىي ۋەكىل قاتارلىقلار تەرىپىدىن يۈكسەك سىياسەتلەر دەرىجىسىدە باشقۇرۇلغان پېتى قالدى.

ئەسلىدە، دۆلەتلەر پەقەت ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىدى. خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كۈچ مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىر ئويۇنى ئىدى. بۇنى ئاكادېمىكلار سىياسىي رېئالىزم (سىياسىي ئەمەلىيەتچىللىك) دەپ ئاتىغان، يەنى دۆلەتنىڭ كۈچى بىلەن دۆلەت مەنپەئەتىگە مەركەزلەشكەن، زورلاش كۈچى قوللىنىشنى خالىمايدىغان بىر ۋاستە. كېيىن باشقا ـ باشقا بىر ۋاستە، يەنى خەلقئارا قانۇن ۋە ب د ت نىڭ غايىسىدىن ئىلھاملانغان ئەركىن ئىدېئالىزم پەلسەپىسى مەيدانغا كەلدى. بۇلار خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر پەرەز قىلغان مۇقىم ۋە تىنچ دۇنيانى مۇشۇنداق بەرپا قىلغىلى بولىدۇ دېگەن قاراشنى قوللايتتى. ئۇلار كىشىلەر خەلقئارادا سۆھبەتلىشىش ۋە تىنچ يول بىلەن خەلقئارا قانۇنلاردىن پايدىلىنالايدۇ دەپ بىلەتتى.

يۇمشاق ۋاستە يۇمشاق كۈچ قوللىنىش، سۆھبەتلىشىش ۋە سۈلھى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. قاتتىقراق ۋاستە بولسا زورلۇق كۈچى قوللىنىشنى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. خەلقئارا دىپلوماتىيىنىڭ ئەمەلىيىتىدە يۇمشاق ۋە قاتتىق ۋاستىلارنىڭ ھەممە خىلىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بەزى كىشىلەر كىچىك ۋە ئاجىزراق دۆلەتلەر سىياسىي ئىدېئالىست ۋاستە قوللىنىشقا بەكرەك مايىل بولغان چاغلاردا كۈچلۈك دۆلەتلەر سىياسىي رېئالىست بولغان «ھەربىي ھەرىكەت شەكلى»گە بەكرەك تايىنىدۇ دېيىشى مۇمكىن. خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىدە بۇ مۇشۇنداق بولۇپ كەلدى.

دۆلەتلەرنى بىر قانچە خىل تۈرگە ئايرىپ باقىمىز. مەسىلەن: ئامېرىكا بەزىدە كۆزىمىزگە ئىنتايىن رېئالىست ۋاستە ئىشلىتىدىغان بىر دۆلەت بولۇپ كۆرۈنىدۇ. جۇڭگومۇ ئىچكى ھەم تاشقى جەھەتتە شۇنداق. گوللاندىيە ۋە شىمالىي ياۋروپالىقلار بولسا ئەركىن ئىدېئالىستلار سېپىدە تۇرۇپ پىكىر قىلىدۇ دېيىشكە

بولىدۇ. بۇلار ئەلۋەتتە ئىنتايىن يۈزەكى ھالدا تۈرگە ئايرىش خالاس. شۈبھىسىزكى، ئامېرىكا ئۆز تارىخىدىكى پەرقلىق دەۋرلەردە سىياسىي ئىدېئالىزم ۋە رېئالىزم ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ باققان.

خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاتالغۇلىرىدا كىشىلەر دىپلوماتىيىدىكى كۆپ قاتلاملىق يول (سىياسەت)، يەنى ھۆكۈمەتنىڭ يولى (سىياسىتى) بىردىنبىر سىياسەت بولۇپ ھېسابلانمايدىغان يول (سىياسەت) ئىبارىسىنى قوللىنىشقا باشلىدى. بەزى ئاكادېمىكلار ئۈچ يول (سىياسەت): ھۆكۈمەت يولى (سىياسىتى)، ئوتتۇرىدىكى ھۆكۈمەتسىز يول (سىياسەت) ۋە ئاساسىي قاتلام ياكى جامائەتنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ يولىنىڭ بىردەكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بەزىلەر بولسا چىركاۋلارغا، پارلامېنت ئەزالىرىغا، ئاخبارات ۋاستىلىرىغا، سودا بىرلەشمىلىرىگە، كوپېراتىپ قاتارلىقلارغا ئالاھىدە يوللار (سىياسەتلەر) نىڭ بىرىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم جەھەتتە سەپەرۋەر قىلىنسا، ھەمكارلىققا، سۆھبەتكە تۆھپە قوشالايدۇ. ئەنئەنىۋى سىياسىي تېمىلاردىن باشلاپ ھاۋارايى، كەسىپ، يالىلاش - يالىلىنىش، دېموكراتىيە ياكى كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىقلارغىچە بولغان تېمىلارنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭرى. نەتىجىدە، ھەر قايسى پەرقلىق ساھەلەردىكى خەلقئارا دىپلوماتىيە ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولدى. مۇشۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ۋە ب د ت قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلاردا داۋاملىق ئىشلىيەلەيدىغان ئۆلچەملىك چارە ياكى ۋاستە يوق. ب د ت مۇ ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەتتىكى ئىشلارنى ھەر ۋاقىت ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى يېڭىلاشقا موھتاج. سىياسىي رېئالىزم ۋە ئەركىن ئىدېئالىزم ۋاستىسىدىن باشقا خىلمۇ خىل ۋاستىلەرنى، يەنى ئىجتىمائىي ۋە پسىخولوگىيىلىك مەسىلىلەر، ئىدارە قىلىش، خەلقئارا قانۇن قاتارلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشكەن ۋاستىلەرنى دېموكراتىيىدە كۆرگىلى بولىدىغان بولۇپ كەتتى. كىشىلەر ئادەتتە بىر خىل يول (سىياسەت) نى يېتەرلىك ئەمەس دەپ قارايدىغان بولدى.

بۇ كۇرسنى تەشكىللىگۈچى سورىغان سوئاللاردىن بىرى: «خەلقئارا دىپلوماتىيىنىڭ ھەممە خىلى ئۈنۈملۈك بولامدۇ؟» دېگەن سوئالغا قايتىپ كېلەي. سىزنىڭ شەخسىي پەرىزىڭىزنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئەمما مەن ئوقۇغۇچىلىرىمدىن خەلقئارا دىپلوماتىيە ۋە تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىغا دائىر مىساللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلغان چېغىمدا، ئۇلار دائىم بۇنداق مىساللارنى ئۇچرىتىشنىڭ قىيىنلىقىنى سۆزلىشەتتى. ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئۇچرىتىمىز، ھەل قىلىش چارىسىنىڭ بەك ئاقمىغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋاتىمىز. ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، قىسمەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئۇ يەردە ياكى بۇ يەردە قولغا كەلگەنلىكىنى يەنىلا كۆرگىلى بولىدۇ. ھازىر سىلەرگە مۇشۇ ساھەدىكى بەزى مەسىلىلەر ۋە چەكلىمىلەرنى بايان قىلغاچ، خەلقئارا سۆھبەت ۋە خەلقئارا دىپلوماتىيىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدىغان بەزى چارە - تەدبىرلەرنى سۆزلەپ بەرگۈم بار.

**دەسلەپكى مەسىلە: پايدا - مەنپەئەت پەرقىنى يوقىتىشقا ماغدۇرى يەتمەسلىك ياكى بۇنداق قىلىشنى قىلچە خالىماسلىقتىن ئىبارەت تەكرارلىنىدىغان بىر مەسىلە.** بەزى ھەل قىلغۇچ رەسمىيەتلەر، مەسىلەن: ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان باسقۇچ بەزىدە مەقسەتكە يېتىشكە يول قويمايدۇ. چۈنكى ھەل قىلىش چارىسىگە ئەگەر بىر ئەزا قارشى چىقسا، ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا ب د ت دىكى خەۋپسىزلىك كېڭىشى بىر مىسال بولالايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مېخانىزمنى ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بىرلەشمە كابىنېتلاردا كۆرگىلى بولىدۇ.

**خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئورگانلار ھەققىدە بىر نەرسە بىلمەسلىك، ئۆگەنمەسلىكمۇ بىر مەسىلە.** بەزىدە ئەمەلدارلارنىڭ يەرلىك ۋەزىيەت ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنىڭ

شۇنچىلىك ئاز ئىكەنلىكىنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقاپ قالىمىز. د ئۇ ق ۋە ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى تەكرار - تەكرار ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ، بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەن تەجرىبىسى بار.

**ئۈچىنچى مەسىلە بولسا، مەنبە كەمچىللىكىدۇر.** خەلقئارا جەمئىيەت خەلقئارا يىغىنلاردا مۇنچىلىك پۇل ياردەم قىلىمىز دەپ ۋەدە بېرىشكە بەك ئۇستا. ئەمما ۋەدىدە تۇرۇشقا كەلگەندە خىجىل بولغۇدەك نامى بار. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا قۇرۇلۇشقا بېرىشكە ۋەدە قىلىنغان پۇلنىڭ ئاران ئون پىرسەنتىنىلا ئالغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۇنۇملۇك ھەرىكەت قىلىش تەسلىشىپ كېتىدۇ.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، سۆھبەتنىڭ ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟ ھەممىدىن ئاۋۋال پەرقلىق پارتىيىلەر بىر يەرگە كېلىپ، نەتىجىگە بولغان قىزىقىشىنى ئىپادىلىشى كېرەك. ھازىرقى ۋەزىيەت، ھالەتنىڭ ئۇلارغا زىيان سېلىۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئوتتۇرىدىكى ۋاستىچىلار (دەلاللار) بەزىدە مۇئەييەن تەسىر كۈچى ۋە سىياسىئونلارغا قىلىنغان ۋاستىلىك بېسىم ئارقىلىق سۆھبەت قىلىشقا كۈچەيسىمۇ بولىدۇ. ھەل قىلىش چارىسى جەھەتتە بىر يەرگە كېلىش ئۈچۈن ئىجابىي غىدىقلاش، مۇكاپاتلاش ۋە ئىجابىي ئىلھام بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. خەلقئارا دىپلوماتىيىنىڭ ئەمەلىيىتىدە «سەۋزە» بىلەن «توقماق»نىڭ بىرلىكتە قوللىنىلغانلىقىنى ھەمىشە كۆرگىلى بولىدۇ. ئادەتتە، «سەۋزە» «توقماق»تىن ياخشىراق كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن بەزى خېرىدارلار باركى، ئۇلارغا «توقماق» ئوبدان كار قىلىدۇ.

سۆھبەت ھەر قانداق ئەھۋالدا ھەممە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى كېرەك. سۆھبەتنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغان كىشىلەر شۈبھىسىز ياخشى تەسىر پەيدا قىلمايدۇ ۋە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئېھتىمالى بار. كىشىلەر سۆھبەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، ئۇنى چوقۇم مەخپىي قىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، بىر تەرەپتىن ئېلان، تەشەببۇس، تەشۋىق ۋە قوللىغۇچى توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن يەنە بىر تەرەپتىن سۈكۈنات ۋە جىمجىتلىققا دىققەت قىلىش ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ياخشى ساقلاش كېرەك.

دىپلوماتىيە يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسەتنىڭ ئەمەلىيىتىدىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ كەلگەن بولۇپ، نەتىجىسى ھەر بىرىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەتلەر مۇھىم رول ئوينىشقا باشلىغان كۆپ يۆنىلىشلىك ساھەلەردە كۆپ يۆنىلىشلىك مۇزاكىرىلەر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. ۋەزىيەت مۇرەككەپ بولغاچقا، ھەمىشە ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئۆلچەملىك بىر ۋاستە تېخى يوق. تېز ھەم دەرھال نەتىجە قازانغان تىنچلىق سۆھبىتى نادىر ئۇچرايدۇ. بۇنداق ھەرىكەت يىراقنى كۆرەر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىن ئۆگىنىدىغان مۇھىم ساۋاق بولسا، ۋاستىلەرنىڭ مۇكەممەل ۋە ياخشى بولۇشىدىن ئىبارەت. زۆرۈر تېپىلغاندا ئەمەلىيەتكە قاراپ ئىش قىلىش بىلەن يېتەرلىك دەرىجىدە ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

## 2.1.2 سوئال - جاۋابلىق مۇزاكىرە

**سوئال:** دىپلوماتىك سۆھبەتلەر ئەگەر مەخپىي ۋەدىلەر بىلەن بىرلەشسە، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش پۇرسىتى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ دېمەكچىمۇسىز؟

**جاۋاب:** «توقماق» بىلەن «سەۋزە» ئىشلىتىشنىڭ خەلقئارا دىپلوماتىيە ئويۇننىڭ (پىلاننىڭ) بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى سىلەرگە ئېيتتىم. ۋەدىلەر بەزىدە مەخپىي، بەزىدە ئاشكارا بولسا بولىدۇ. مەسىلەن: خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنى مىسالغا ئالساق، ھەممە يەرگە داڭقى كەتكەن ئىش شۇكى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى بىر قانچە دۆلەتكە: «سوت مەھكىمىسىنىڭ قانۇنىنى ئىمزالىمىساڭلار، سىلەرگە تەرەققىيات ياردەم سوممىسى بېرىمىز. ئەگەر سوتقا قاتناشساڭلار، ياردەمنى توختىتىمىز» دېدى. بۇ مەخپىي بولغاچقا، بىزنىڭ خەۋەردار بولىشىمىزمۇ ئەلۋەتتە تەسكە توختىدى. مەخپىيەتلىك مۇشۇنداق ئىشلاردا بىر كاشىلا بولىدۇ. توكيودا سىرىلانكا ھۆكۈمىتى بىلەن تامىل ئەئىلەم يولۋاس ئازادلىق تەشكىلاتى تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا خەلقئارا جەمئىيەت توقۇنۇشۇۋاتقان ئىككى پارتىيىگە ئەگەر ئۇلار ئىشەنچلىك بىر تىنچلىق جەريانىنى باشلىيالىسا ۋە بەلگىلىك ئىلگىرىلەش بولسا، ئۇلارغا قايتا قۇرۇلۇش پىلانى ئۈچۈن 4.1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئۈچۈق ئېيتتى. خەلقئارا جەمئىيەت ئۇلارغا ئەگەر تىنچلىق كېلىشىمى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتسە مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىنى، ئۇنداق قىلمىسا، بۇ پۇلنىڭ بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقان ئىدى. مەخپىي ۋە ئاشكارا ۋەدىلەر دىپلوماتىك سۆھبەت ئويۇننىڭ (پىلاننىڭ) بىر پارچىسىدۇر.

**سوئال:** خەلقئارا دىپلوماتىيىدە ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار قانداق رول ئوينايدۇ؟

**جاۋاب:** شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار، بارلىق ھۆكۈمەتسىز ئىتتىپاقداشلار كۆپلەپ ئۈچۇر بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە ياردەم قىلىدۇ، بۇ سۆھبەتلەرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. بېشىمدىن ئۆتكەن بىر تەجرىبىدە، ياۋرۇپا ۋە ئامېرىكىدىكى بىر قانچە ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات ۋە ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات ئىتتىپاقداشلىرى دەلىل - ئىسپات ياردىمى بېرىش ئارقىلىق گۇرۇپپىلارنىڭ سۆھبەتكە قاتنىششىنى ھەقىقەتەن زور دەرىجىدە مۇمكىن قىلغان ئىدى.

## 3.1.2 تەكلىپ پىكىرلەر

دىپلوماتىك تىرىشچانلىقلار ئىشەنچلىك ئۈچۈرلارنىڭ ياخشى ماسلىشىشىغا موھتاج. د ئۇ ق ۋە ئۇيغۇر خەلقى بۇ جەھەتتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ.

ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار سۆھبەتكە مۇناسىۋەتلىك دۆلەتسىز شەخسلەرنى تەكتىلەشكە ياردەم قىلىدۇ. ئۇلار تېخىمۇ تونۇلغان ۋاقىتتا سۆھبەتلەرمۇ ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولىدۇ.

## 2.2 خەلقئارا قانۇنلارنى تەتبىقلاش: سابىق يۇگوسلاۋىيە ئۈچۈن قۇرۇلغان خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى ۋە قوغدىنىش خىزمىتى

### 1.2.2 كرىستىنا گرىنبېرگ خانىمنىڭ دەرسى

(سابىق يۇگوسلاۋىيە ئۈچۈن قۇرۇلغان خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى قانۇن مەسلىھەتچىسى)

سابىق يۇگوسلاۋىيە ئۈچۈن قۇرۇلغان خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ س ي خ ج س م دېيىلىدۇ) سابىق يۇگوسلاۋىيىدە يۈز بەرگەن ھەر خىل توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان. سابىق يۇگوسلاۋىيىدە ھازىرقى سلوۋېنىيا، كرودىيە، بوسنا - ھەرسەك، سېربىيە، قاراتاغ جۇمھۇرىيىتى، كوسوۋا ۋە ماكېدونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بار ئىدى. س ي خ ج م بىر تەرەپ قىلىدىغان توقۇنۇشلار 1991 - يىلى كرودىيانلار بىلەن سلوۋاكلاردىن ئىبارەت ئىككى مىللەت يۇگوسلاۋىيىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىغان ۋاقىتتا باشلانغان ئىدى. كېيىنكى ئون يىلدا بۇ زېمىندا ياشايدىغان پەرقلىق مىللەتلەر مۇستەقىللىق جاكارلاپ، يېڭى دۆلەتنىڭ چېگرا سىزىقلىرىنى بەلگىلىمەكچى بولغاندا يەنە نۇرغۇنلىغان پەرقلىق توقۇنۇشلار مەيدانغا كەلدى. بۇ توقۇنۇشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان سوت مەھكىمىسىنىڭ قىزىقارلىق ئالاھىدىلىكىدىن بىرى شۇكى، ئۇ سېربلارنىڭ كرودىيانلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ جىنايەت سادىر قىلغانلىقى، كرودىيانلارنىڭ بوشناك مۇسۇلمانلارغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى، بوشناك مۇسۇلمانلارنىڭ كرودىيانلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئەرزلەرنى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئاڭلايتتى.

بۇ سوت مەھكىمىسى 1993 - يىلى 5 - ئايدا ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. ئۇ ب د ت ئاساسي قانۇنى 7 - بابتا ئېيتىلغان: «خەۋپسىزلىك كېڭىشى خەلقئارا تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ساقلاش ئۈچۈن چارە - تەدبىر قوللىنالايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن قۇرۇلغان. ئۇ ھەقىقىي خەلقئارا ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى تۇنجى سوتلاش مەھكىمىسى، ئۇنىڭ ناھايىتى ئالاھىدە ئەدلىيە قانۇنى بار. ئۇ پەقەتلا سابىق يۇگوسلاۋىيىدە 1991 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىن يۈز بەرگەن خەلقئارا جىنايەتلەرنى سوتلىيالايدۇ. ئۇ پەقەت شەخسلەرنىلا سوتلىيالايدۇ، شۇڭا ئۇ تەشكىلات ۋە ھۆكۈمەتلەر ئۈستىدىن دەۋا قىلالمايدۇ. بۇ سوت مەھكىمىسى دۆلەت ئىچىدىكى تۈزۈملەردىن پەرقلىق بولغان مۇستەقىل بىر قانۇن سىستېمىسى بويىچە خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ سوتلاش دائىرىسى: قانۇن ياكى ئۇرۇش ئادەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىش، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانىيلىققا زىت جىنايەتلەر ۋە جەنۋە ئەھدىنامىسىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى. بۇ سوت مەھكىمىسى ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسى بېرەلەيدۇ. بۇ يەردە ئۆلۈم جازاسى يوق.

ھازىر س ي خ ج س م نىڭ خەلقئارادىكى باشقا سوت مەھكىمىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قىسقىچە چۈشەندۈرىمەن. گوللاندىيە پايتەختى ھاگۇئىدىكى باشقا مۇھىم ئىككى خەلقئارا مەھكىمە: تىنچلىق سارىيىدىكى خەلقئارا ئادالەت مەھكىمىسى بىلەن خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى. خەلقئارا ئادالەت مەھكىمىسىنىمۇ ب د ت قۇرۇپ چىققان، ئۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشلارنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان. خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى ب د ت غا بېقىنمايدۇ. ئۇنىڭ 2002 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن يۈز بەرگەن جىنايى قىلمىشلار ئۈچۈن قانۇن -

نىزاملىرى بار. خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانىيلىققا زىت ئۇرۇش جىنايىتى سادىر قىلغان شەخسلەرنى سوتلايدۇ. ھازىر خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىگە ئەزا دۆلەت سانى 104 بولۇپ، بىر ئۇچۇم دۆلەتلەر، يەنى جۇڭگو، ئامېرىكا ۋە ھىندىستان ئۇنىڭغا قارشى.

مەن بىر گۇرۇپپا خىزمەتداشلىرىم بىلەن بىللە ئىشلەيمەن. بىز ئىنسانىيلىققا زىت ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلغان كىشىلەرنى ئاقلايمىز. ھەممىشە باشقىلار مەندىن ئاقلاش خىزمىتى جەريانىدا نېمىلەرنى ھېس قىلىدىغانلىقىمنى، ئۆزۈمنى گۇناھكار ھېس قىلىدىغان قىلمايدىغانلىقىم، مەن ئاقلىماقچى بولغان كىشىنى گۇناھكار ھېس قىلىدىغان قىلمايدىغانلىقىمنى سورىشىدۇ. مەن دائىم ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى شەپقەتلىك ئىكەنلىكىمنى، خىزمىتىمدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ جاۋاب بېرىمەن. شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، خەلقئارا سوت مەھكىمىلىرى دۇنيادا تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا ئىنتايىن قىممەتلىك تۆھپە قوشالايدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق بولغان ئاقلاش سىستېمىسى بولمىسا، ئۇنداقتا بۇ سوت مەھكىمىسىدىكى خىزمەتلەرمۇ مەنىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇ يەردىكى ئاقلاش خىزمىتى بۇ يەردىكى قانۇنىي تەرتىپتە ئادالەت بارلىقىنى، جاۋابكارغا بېرىلگەن ھوقۇقنىڭ بارلىق ئىنسانلارغا بېرىلىشكە تېگىشلىك ھوقۇق ئىكەنلىكىنى، بۇ ھوقۇقنىڭ ھۆرمەتلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھوقۇقلار جاۋابكارنىڭ جىنايىتى ئىسپاتلانغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئادىل سوتلىنىش ھوقۇقى، گۇناھسىز دەپ پەرەز قىلىنىش ھوقۇقى، شۇنداقلا ئۆز ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقى قاتارلىقلاردۇر.

س ي خ ج س م دە جاۋابكار The Prosecutor vs. Tadic ئەنزىسىدە يۈز بەرگەن بىر ۋەقە بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ: دەۋاگەرنىڭ مۇھىم گۇۋاھچىلىرىدىن بىرى سوت مەھكىمىسىگە كېلىپ، جاۋابكارنىڭ نۇرغۇن قېتىملىق زالىملىقى، ھايۋانىي مۇئامىلىسىگە شاھىت بولغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۆزىنىڭ دادىسى ۋە ئاكىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتلار ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئاكىسىنى تېپىپ كەلدى ۋە ئۇچۇق سوتتا ئۇنى دادىسى ۋە ئاكىسى بىلەن يۈزلەشتۈردى. ئۇ دەسلەپتە بۇلارنى تونۇمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، كېيىن ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ دادىسى بىلەن ئاكىسى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى، گۇۋاھچى ئۆزىنىڭ سوت مەھكىمىسىگە كېلىپ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشكە مەجبۇرلانغانلىقىنى ئېيتتى. نەق مەيداندا دەۋاگەر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «سوت مەھكىمىسى بۇ گۇۋاھچىنىڭ ئىسپاتىنى ئىشەنچلىك، راست دەپ قارىساڭلار بولمايدۇ!» دېدى. ئەگەر بۇ ئەنزىدە ئاقلىغۇچىلار بولمىغان بولسا ئىدى، بۇ ئەھۋال بايقالمىغان بولاتتى ۋە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، پۈتۈن ئەنزە ئىشەنچسىز دەپ قارىلىپ ئىناۋەتتى چۈشۈپ كەتكەن بولاتتى. ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتلار سوتتىكى ئەنزىلەرگە نىسبەتەن زۆرۈر تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىشەنچلىك رېكورت يارىتىشى، سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى خەلقلەر ۋە ھەر يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئۇنىڭ ئادالىتىگە ئىشەنچ قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

## 2.2.2 سوئال ـ جاۋابلىق مۇزاكىرە

**سوئال:** خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىگە بىرەر مەسىلىنى قانداق مەلۇم قىلغىلى بولىدۇ؟

**جاۋاب:** خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى شەخسلەر دېلونى تەكشۈرگۈچىلەر بىلەن بىۋاستە ھالدا ئالاقىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ شىكايەتلىرىنى سۆزلىيەلىسۇن دېگەن مەقسەتتە قۇرۇلغان. خەلقئارا جىنايى

ئىشلار سوت مەھكىمىسى بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى ئۆزىگە كەلگەن ھەر بىر شىكايەتكە كۆچىنىڭ يېتىشىچە جاۋاب بېرىشكە تىرىشىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ يەردە نۇرغۇن ئەھۋاللارمۇ باركى، ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاھىدە ئەھۋاللارنى سوتلاش ھوقۇقى يوق. ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك، جۇڭگو خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىگە قارشى ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدىغان بىر دۆلەت بولغاچقا، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىن باشقا ھېچقانداق ئورگان جۇڭگودا يۈز بەرگەن ۋەقەنى سوت مەھكىمىسىگە شىكايەت قىلىپ سۇنالمايدۇ. پەقەت خەۋپسىزلىك كېڭىشىلا خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىگە سۇنالايدىغان بىر ئەھۋال بار، ئۇ بولسىمۇ سۇداندىكى دارفۇر ۋەقەسى. بۇ ۋەقە ھەققىدىكى خەلقئارا بېسىم ۋە جامائەت پىكرى بەلكى ئۇنى خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئاپىرىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

**سوئال:** ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ مەجبۇري ھاشارغا ھەيدىلىشى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق ئىش ھەققى بەرمەسلىكى مەسىلىسىنى ئىنكاس قىلساق، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇنى ئاڭلاش سالاھىيىتى بارمۇ؟

**جاۋاب:** مەجبۇري ئەمگەكنى «ئىنسانلارنى قۇل قىلىش ۋە ئىنسانىيلىققا زىت جىنايەت» دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھالبۇكى، بىر ئاز ئىلگىرى چۈشەندۈرگىنىمدەك، سوتلاش ھوقۇقى چەكلىمىسى (يەتمەسلىكى) تۈپەيلى جۇڭگوغا ئائىت بىرەر دېلونى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىگە ئەكىرىش ئىنتايىن قىيىن. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى خەلقئارا جامائەت، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى ۋە ب د ت غا داۋاملىق ئىنكاس قىلىۋېرىشنىڭ يەنىلا كۆپ پايدىسى بار دەپ قارايمەن.

## 3.2.2 تەكلىپ پىكىرلەر

گەرچە خەلقئارا سوت مەھكىمىسىگە تايىنىش بىر ئاساسلىق ۋاستە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر خەلقى ئۇيغۇر دەۋاسىنى خەلقئارا جەمئىيەت ۋە خەلقئارا ئورگانلارنىڭ دىققىتىگە سۇنۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى قاتارلىق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە ئۇنىڭ ئۆزۈن مۇددەت جۇڭگو تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى ئۈچۈن جامائەت پىكرى توپلاشنى ئويلىشىش كېرەك.

## 3.2 تاللىغىلى بولىدىغان مېتودلار: بىر گۇرۇھ ياكى بىر تەشكىلاتنى يېتەكلەش

### 1.3.2 دوكتور ئالبېرت گۆرىڭنىڭ دەرسى

(ئادۋوكات، ئۇيغۇر مەسىلىسى مۇتەخەسسىسى)

مەن بۈگۈن بىر گۇرۇپپا ياكى بىرەر تەشكىلاتنى يېتەكلەشتىكى تاللانما مېتودلارنى تەقدىم قىلىمەن. تەشكىلاتتا خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنى بەدىنىمىزدىكى ئەزالارغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ، قول، پاچاق، يۈرەك، ئۆپكە قاتارلىقلار ھەم ئۆز ئارا باغلانغان ھەمدە بىر - بىرىگە بېقىنىدۇ. بىرەيلەن پۈتىڭىزنىڭ بارمىقىغا دەسسىسە، پۈتىڭىز ئاغرىپلا قالماي، بۈنىڭ پۈتۈن بەدەنگىمۇ تەسىرى بولىدۇ.

غەرب جەمئىيىتىدە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى تەشكىلاتلارنىڭ خىزمىتىگە كۆپ چەكلىمە قويىدۇ ياكى توسقۇنلۇق قىلىدۇ. پىلان تۈزگەندە بۇ ئامىلنى ئەستە چىڭ تۇتۇش كېرەك. ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى بىلەن ھەپىلىشىش سىلەرنىڭ كۆپ ۋاقتىڭلارنى ئالىدۇ.

غەرب دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلارنىڭ خىزمىتى نامەلۇم ۋەقەلەرنى دىققەتكە سۇنۇشتىن ئىبارەت. بۇ تەشكىلاتلار دۇچ كېلىۋاتقان بىر قىيىنچىلىق بولسا، جەمئىيىتىمىزدىكى كۈنسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسىدۇر. بۇ ھادىسە نەتىجىسىدە، تەشكىلاتلار ئۆزلىرى ئۆتمۈشتە كۆنگەن ئىشەنچكە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. مەسىلەن: گېرمانىيىلىكلەر كونترولسىز جامائەتكە ئىنتايىن گۇمانخورلۇق بىلەن قارايدۇ. يەتتە مىليون كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان گېتلىر ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق خاتىرىسى ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بار. مانا بۇ ئۇلارنىڭ چوڭ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە جامائەتتىن قورقۇشىنى خۇددى ئۇتقا چېچىلغان ياغقا ئوخشاش كۈچەيتىپ تۇرىدۇ. خەلق تەشكىلاتلارغا كۆپ كۈچ بېرىشتىن، تەشكىلاتلارنىڭ كېيىنچە گېتلىر (Führer) كەبى رەھبىرىنى تاللاپ چىققانلىقىنى كۆرۈشتىن قورقىدۇ، ئۇلار تىزگىنىنى يوقىتىپ قويۇشتىن ۋە دىكتاتورنىڭ ئاستىدا قېلىشتىن قورقىدۇ. ياردەم تەلەپ قىلىۋاتقان ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرى ئۇلارنىڭ تەشكىلاتلاردىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقى كېرەك.

ئۆزىنىڭ گۇرۇھىدىكىلەرنى باشقۇرىدىغان بىرىنچى قول باشلىق قائىدىسىنى ھەممىڭلارنىڭ بىلىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن. ئىنسانلارنىڭ تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىچىدە ھەمىشە بىرىنچى قول باشلىق مەۋجۇد. گۇرۇھ ئەزالىرىمۇ ھەر دائىم ئۇلارنى غايىۋىلەشتۈرۈشكە مايىل. گۇرۇپپىدىكى ئادەتتىكى كىشىلەر بەلكى بىرىنچى قول باشلىقنىڭ ئۆزىنى باشقۇرۇشىغا يول قويىدۇ. بىرىنچى قول باشلىق ئوبرازىدىكى رەھبەرلەر ئېغىر - بېسىق ۋە تەمكىن بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار بەلكى قىلمىغان ئىش دېموكراتىيىگە ئاكتىپ قاتنىشىش ئۈچۈن كۈچلۈك فوند تەمىنلەش بولۇشى مۇمكىن.

ب د ت سىستېمىسىدا تاماملانغان «تەكشۈرۈش ۋە تارازىدا تارتىش» قۇرۇلمىسىدا بولغىنىدەك، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىشنىمۇ ئەلۋەتتە قۇرۇلما ئارقىلىق توسۇش كېرەك. خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ (تەشكىلاتلاردىن) ئومۇمىيۈزلۈك گۇمانلىنىشىنى يوق قىلىش كېرەك. ئۇيغۇر تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك قائىدە - تۈزۈم تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى تەكىتلىشى كېرەك. بۇ دېموكراتىك پرىنسىپلار ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ پائالىيىتى ۋە ئەركىنلىكىنى قۇرۇلما جەھەتتە قېلىپلاشتۇرىدۇ.

د ئۇ ق ياكى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى كەبى بىر تەشكىلاتنى بىر ئوركېستىراغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئايرىم سۇنايلار ۋە نەيلەر مۇزىكا چىقىرىدۇ، ئەمما سىلەرنىڭ ئاڭلايدىغىنىڭلار ساز ئەمەس، بەلكى بىرلىكتە چىققان مېلودىيە ياكى ئاۋاز خالاس. شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇهاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەخسىي هوقۇقلىرىنى، يەنى ئەركىن ئىبادەت قىلىش هوقۇقى، بالىلىرىنى ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇتۇش هوقۇقى، ئەركىن يىغىلىش هوقۇقى ۋە ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە ئۆزى ئىگە بولۇش هوقۇقى قاتارلىقلارنى تىرىشچانلىق بىلەن قوغدىشى كېرەك. بۇ خىزمەتنىڭ نەتىجىسى، يەنى ئۇنىڭ غايىسى شۈبهىسىزكى، مۇشۇ ئامىللارنىڭ هەممىسىنى بىرلا ۋاقىتتا تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ياشىشى ئۈچۈندۇر. سىياسىي ئەركىنلىك ئېنىق مۇهىم. چۈنكى ئۇ مەدەنىيەتتىكى هەر بىر ئامىلنىڭ ياشىشى، هەر بىر سازنىڭ چېلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى بۇسداچىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ تونۇشتۇرۇش سۆزىدە ئېيتىپ ئۆتكەندەك، «ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش (مۇستەقىللىق)» مەسىلىسى بىردىنبىر مەسىلە ياكى دەۋا سۈپىتىدە دەرهال تەلەپ قىلىنىدىغان ياكى سۆزلىنىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ جەرياننى چوقۇم نۇرغۇن قەدەم باسقۇچ ۋە ئامىللاردىن تەركىب تاپقان دەپ قاراش كېرەك. بۇ قەدەم باسقۇچلارنىڭ ئەڭ مۇهىمى ئىچىدىكى بىرى بولسا، ئۇيغۇر خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان خىيىم - خەتەرلەرگە، بولۇپمۇ كەڭ كۆلەمدىكى كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە نىسبەتەن سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇشتۇر. بۇ هوقۇقلارغا هۆرمەت قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق بۇ مەسىلىلەرگە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئاڭا باغلىق بولغان سەهنىنى هازىرلاشقا ياردەم بېرەلەيدۇ.

## 2.3.2 تەكلىپ پىكىرلەر

ئۇيغۇر تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك قائىدە - تۈزۈم تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى تەكىتلىشى كېرەك.

ئومۇمىي تەلەپنى توۋلاشنىڭ ئورنىغا تىرىشچانلىقىمىزنى كونكرېت كىشىلىك هوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى پاش قىلىشقا قارىتىشىمىز كېرەك.

## 4.2 تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇلى ۋە ئۇنۇملۇك تەشكىللىنىش

### 1.4.2 ماركو پېردۇسا ئەپەندىنىڭ دەرسى

(تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش رادىكال پارتىيىسى ئومۇمىي كېڭەش ئەزاسى، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى فوندى جەمئىيىتىنىڭ بوغالتېرى)

تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش رادىكال پارتىيىسىنىڭ نامى گەرچە كىشىنى ئەندىكتۈرىدىغان بىر ئىسىم بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىدىغان بىر تەشكىلاتتۇر. ئۇ بىر سىياسىي تەشكىلات، بىراق سايلامغا قاتنىشىدىغان پارتىيە ئەمەس. ئۇنىڭ سىياسىيلىقى بىزنىڭ سىياسىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمىز سەۋەبىدىنلا ئەمەس، بەلكى تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلمىسى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بىزنىڭ ئەزالار تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلغان ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىمىز ۋە ئومۇمىي كېڭىشىمىز بار. ئومۇمىي كېڭەش بىر رەئىس، بىر كاتىپ ۋە بىر بوغالتېرنى سايلايدۇ. بۇلار قۇرۇلتايدا كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن ۋە ئەھمىيەتلىك مۇنازىرىسىدە روياپقا چىقىدۇ. بىز نۆۋەتتىكى ئومۇمىي سىياسىي ۋەزىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ئانالىز قىلغاندىن كېيىن نىشانىمىزنى بەلگىلەپ ھۆججەت تۈزىمىز. بۇ ھۆججەت قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن قۇرۇلتاي ئاياغلىشىدۇ.

ئېنىق توغرا بولغان نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت تەشكىلاتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى ئوچۇق بىلدۈرۈش مەقسىتىدە دېكابىردا بىز پارتىيىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىشنى قارار قىلىپ، «دۆلەت ھالقىغان» دېگەننىڭ ئورنىغا «تىنچ قارشىلىق» دېگەننى قويدۇق. كىچىككىنە بىر ئىتالىيان تەشكىلاتنىڭ قانداقسىگە بۇ قەدەر تەرەققىي قىلىپ، ب د ت نىڭ شۆبىسى بولغان بىر ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتقا ئايلانغانلىقىغا نەزەر سېلىش قىزىقارلىق بىلىنىدۇ. بۇ ئىش سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغان ۋە ئافرىقىدا ئاچارچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، بۇ يەردىكى ئىنسانلارغا ياۋروپا جەمئىيىتى بەك ياردەم بېرەلمىگەن چاغدا مەيدانغا كەلدى. بىز شۇنداق ئويلىدۇقكى، ئەگەر بۇ يەردە بىر توغرا ئىش بولسا، ئۇ چوقۇم دۆلەت ھالقىغان بولۇشى، ھەممەيلەنگە تەۋە بولۇشى، ھۆرمەتلىنىشى ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىنسانلار بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك.

تەشكىلاتنىڭ سىمۋولى مۇھانداس گەندىنىڭ يۈزى ۋە 46 تىلدا يېزىلغان «رادىكال پارتىيە» دېگەن سۆزلەر بىلەن لايىھەلەنگەن. بىز باشقا تېپتىكى تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش شەكىللىرىدىن پەرقلىق ھالدا داۋاملىق گەندى ئۇسلۇبىدىكى تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كېلىۋاتىمىز. گەندىچە (گەندى ئۇسلۇبىدىكى) تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش يەر قانۇنغا رىئايە قىلىش ئېھتىياجىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. گەندىچە تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇلىنىڭ بۇ مۇھىم ئىلمىنتى سىزنى قانۇن ھەققىدە ئويلىنىشقا ۋە ئورگانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قانۇنغا ئۆزلىرىنىڭ رىئايە قىلىشى توغرىسىدا ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇ يەردە ئادالەتسىز قانۇنلار شەخسنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەيدىغان ياكى دەپسەندە قىلىدىغان ئەھۋاللار ئەلۋەتتە بار. پائالىيەتچىلەر ئادالەتسىز قانۇنغا بويسۇنماسلىقى ۋە ھەر قايسى پەرقلىق تەرەپلىرىنى تەكىتلەپ، ئۇنىڭ بىر ئادالەتسىز قانۇن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشى كېرەك. سىز بىر قانۇننى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بويسۇنمايسىز، ئالاھىدە مۇئامىلىگە ئۈچرىمايسىز. سىزدىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى

ئۆزىگىزگە ياكى گورۇپپىڭىزدىكىلەرگە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىش ئەمەس، بەلكى شەخسلەرنىڭ ئەركىنلىكى ۋە تاللاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە قوغداش ئۈچۈندۇر.

بىر قانۇنغا بويسۇنماسلىق ئۈچۈن خىلمۇ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ. ئەڭ مۇھىم بولغىنى بويسۇنماسلىق ھەرىكىتىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئاشكارا قىلىپ كۆرسىتىشتۇر. تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۈچۈق جاكارلاش، ھەرىكەتنىڭ مەقسىتى بىر قانۇنغا بويسۇنماسلىق ئارقىلىق ئۇشبۇ قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدۈرۈش كېرەك. ھۆكۈمەتكە ۋە ساقچىلارغا بۇ قانۇنغا مەلۇم ئالاھىدە كۈنلەردە بويسۇنۇلمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەك. سىلەر يەنە بۇ قىلمىشىڭلارنىڭ بەدىلىنى تۆلەشكە رازى ئىكەنلىكىڭلارنى ئۈچۈق سۆزلىشىڭلار كېرەك. بۇ قىلمىشنىڭ ئاقىۋىتى بەلكىم ساقچى ئەسكەرلەر بىلەن يۈزمۇ - يۈز توقۇنۇش ۋە مۇئەييەن مۇددەت تۈرمىدە يېتىش بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل پائالىيەتنى باشلاشتىن ئىلگىرى، ئۆزۈڭلارنىڭ دەۋايىڭلارغا نىسبەتەن قەتئىي تەۋرەنمەس مۇستەھكەم ئىشەنچتە بولۇشىڭلار كېرەك. گەندىگە ئوخشاش ئىشلىشىڭلار، ئۆزۈڭلار بىلەن ياكى يولداشلىرىڭلار بىلەن دىئالوگلىشىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشىڭلار كېرەك. ئاندىن قانۇن - تۈزۈملەردىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىڭلار كېرەك.

ئاخىرقى نىشان سىلەرنىڭ گورۇپپاڭلاردىكىلەرنى قانۇندىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش ئەمەس، بەلكى مۇشۇ گورۇپپىدىكىلەر، شۇنداقلا ئۇ قانۇننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان باشقىلار ئۈچۈن ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ ياخشىلاشتۇر. سىلەرنىڭ باشقا گورۇھلار ياكى ئورگانلار بىلەن ئالاقىلىشىشىڭلار ۋە ئۆزۈڭلار بىزگە بېرىلىشى كېرەك دەپ ئويلىغانلىرىڭلارنىڭ سىلەرگە بېرىلىشى كېرەك بولغاندا دىئالوگ زۆرۈر بولىدۇ. ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، ئىچكى قىسمىدا بىر پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن، گورۇپپاڭلارنىڭ سىرتىدىن قانۇننى پىششىق بىلىدىغان بىرەيلەننى تونۇپ تېپىپ، ئۇنى سۆزلەشكۈچى (دىئالوگلاشقۇچى) قىلىپ تاللاش ئىنتايىن مۇھىم. مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، گەندىنىڭ ئىشى ئاسان بولغان. چۈنكى ئۇ بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن تۈتىنشىشقا مەجبۇر بولغان. گەرچە ئۇ بىر ئىمپېرىيە بولسىمۇ، ئەمما قانۇننى ئىجرا قىلىشنى ئاساس قىلاتتى. مۇستەملىكە قىلىنغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە ئۆلچەملەر بويىچە باشقۇرۇلاتتى. بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى يەنە خەلقنىڭ سۆزلەش ئەركىنلىكى، يىغىلىش ئەركىنلىكى ۋە نەشرىيات ئەركىنلىكىگە ئىجازەت بېرىش ئارقىلىق جامائەت پىكرىنىڭ رولىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. بۇ شارائىت تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئىجابىي نەتىجىگە ھەقىقەتەن ئېرىشىشىدە «مۇكەممەل» بىر شارائىت ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. سىلەر ئاخبارات - نەشرىيات ئەركىنلىكى، نامايىش قىلىش، يىغىلىش ئەركىنلىكى ۋە سۆزلەش ئەركىنلىكىگە رۇخسەت قىلىنمايدىغان، دېموكراتىك ئەمەس بىر ھاكىمىيەتكە دۇچ كېلىۋاتىسىلەر. بىر مىللىي مۇستەقىل گەۋدە بولغان جۇڭگو خەلقئارا ئۆلچەملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا بەك ماسلاشقىلى ئۇنىمايدۇ. ئۇ بىر قانچە ئاساسلىق كىشىلىك ھوقۇق كېلىشىمنىمۇ ئىمزالىمىغان. بۇنداق ئەھۋال تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا مۇمكىن ئەمەس دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى مۇھاجىرلار ئۈچۈن بۇ خىل تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيىتى ئاللىقاچان مۇمكىن بولغان. بۇ ئەھۋالدا سىلەر بىلەن سۆزلەشكۈچى تەرەپ مىللىي ھۆكۈمەت ياكى رايونلۇق تەشكىلات بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر سىلەر ياۋروپا ياكى ئامېرىكىدا تىنچ قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولساڭلار، سىلەر مىللىي ھۆكۈمەت ياكى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئوخشاش رايونلۇق ئورگاننى

نىشان قىلىشىڭلار كېرەك. بۇ خىل پائالىيەت كىشىنى ئىنتايىن ھارغۇزۇۋېتىدۇ، شۇڭا باشلاشتىن ئىلگىرى كۆپ ۋاقىتىڭلارنى سىلەر مۇھىم دەپ قارىغان خەۋەرلەرنى نەشر قىلىپ تارقىتىشقا سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ. ياۋروپادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئەمەس خەلقلەر بىلەنمۇ دىئالوگلىشىش ئۈچۈن بۇ خەۋەرلەر ئاممىۋى جەمئىيەتلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى سىياسىيونلار ئارىسىدىمۇ تەشۋىق قىلىنىشى كېرەك. ئۇلارغا مىللىتىڭلارنىڭ تارىخىنى ۋە كۈنىمىزدىكى پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى ئۆگىتىڭلار. سايلامدا سىلەرنىڭ ئاۋاز بېرىشىڭلارغا موھتاج بولۇش ئېھتىمالى بولغان غەربلىك سىياسىيونلار بىلەنمۇ بىرلىكتە دەۋا قىلالايسىلەر. ئۇلارنىڭ سايلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاۋاز بەرمەكچى بولغىنىڭلاردا ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە سايلىنىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان چېغىدا سىلەرنىڭ ئىلگىرى ئۇلارنى قوللاپ ئاۋاز بەرگەنلىكىڭلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ۋە سىلەرنىڭ دەۋايىڭلارغا پايدىلىق خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە ۋەدىنامە ئېلىۋېلىشىڭلار كېرەك. مەسىلەن: گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جامائىتى بىرەيلەننى پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلاۋاتىدۇ دەيلى، بۇلار چوقۇم سىناپ بېقىشى ۋە كېلىشىۋېلىشى كېرەك. بۇ كېلىشىم شۇنداق بولۇشى كېرەككى، سىلەر ئۇلارغا ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىشكە ۋە ئىشلارنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىسىلەر، ئۇلار سىلەرگە يەرلىك پارلامېنت كېڭىشىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، قانۇنىي ئورگانلارنىڭ قانداق تەرتىپتە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ.

سىلەر يەنە دۆلەت ھالقىغان تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش مېتودىغىمۇ تايانساڭلار بولىدۇ. جۇڭگودا ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە ب د ت نىڭ بىر قارار لايىھىسى ماقۇللىشى كېرەكلىكىنى قوللاپ، بىر قانچىڭلارنىڭ بىر پارچە ئىلتىماس يازغانلىقىڭلاردىن خەۋىرىم بار. بۇ ئىش كېلەر يىلى بېيجىڭدا ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان چاغدا دۇنياۋى بىر پائالىيەتكە ئايلىنىدۇ.

بېيجىڭدىكى مۇسابىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرۇلۇق بۇ يەردە ئالىقاچان بىر ھەرىكەتنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلىمەن. لېكىن باشتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، سىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان بىر مەقسەتنى نىشان قىلىشىڭلار ئىنتايىن مۇھىم. پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، كىشىلىك ھوقۇقنى كەڭ كۆلەمدە سىستېمىلىق دەپسەندە قىلىدىغان بىر دۆلەتتە ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلمەسلىكى لازىم دېگەن سۆز ئاڭلىماققا چىرايلىق گەپ. بىراق جۇڭگو كۈنىمىزدە ئىگە بولغان ئىقتىسادىي كۈچنى، ئۇنىڭ دۇنيادىكى سىياسىي رولىنى چۈشەنگەن كىشىلەر سىلەرنىڭ بۇ پىكرىڭلارنى قوللىمايدۇ. كىشىلەر بېيجىڭغا كېتىۋېرىدۇ، سىلەر ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسىلەر. شۇڭا بىز ئۇنىڭ ئورنىغا قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارنى ئويلىشىشىمىز كېرەك. قەدىمىي يۇناندا ئولىمپىك مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن چاغدا بارلىق ئۇرۇشلار توختاشقا مەجبۇر بولغان. ھازىرغىچە بۇ مۇسابىقىنىڭ مەقسىتى تەنتەربىيە ئارقىلىق خەلقلەر ئارىسىدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش بولۇپ كەلمەكتە. بىز بۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، جۇڭگودىن ئاشۇ ئايدىن باشلاپ خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە بارلىق ئۆلۈم جازاسىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر پائالىيەت ئويۇشتۇرساق بولىدۇ. بۇ پائالىيەت شۇنداقلا دۇنياغا جۇڭگودا نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىتىدىغان بىر پۇرسەت بولىدۇ. بۇ يەردە ئادۋوكاتسىز ھالدا ھۆكۈم كېسىلىدىغانلىقى، نامايىش قىلىش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقى، سۆز ئەركىنلىكىنىڭ يوقلۇقىنى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە سالغىلى بولىدۇ. ئولىمپىك مۇسابىقىسى تۈپەيلى پۈتۈن دۇنيا جۇڭگوغا تىكىلىپ تۇرغان ئاشۇ پەيتتە سىلەر جۇڭگودىكى ئومۇمىي ئەھۋالنى پاش قىلىسىلەر. ھازىرچە بۇ يەردە جۇڭگونى ئۆلۈم جازاسىنى توختىتىشقا مەجبۇرلىيالىغۇدەك بىرەر قانۇن يوق. لېكىن تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش مېتودىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى

قىسمى قانۇنلارغا ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىش بولغاچقا، بىز جۇڭگودا زاۋۇت، شىركەت قۇرۇپ جۇڭگولۇق ئىشچىلارنى توختام بىلەن ياللاپ ئىشلەتكەن ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەرگە نەسىھەت قىلالايمىز. بۇ توختام جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى پرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى قانۇن بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ئاز دېگەندىمۇ ئىجابىي يولدا ئىشلەتكىلى بولىدىغان بەزى ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇلار ياخشى بىلىنسە ۋە ھۆرمەت قىلىنسا، ئىشلەتكىلى بولىدۇ. جۇڭگو يەنە خەلقئارا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقلىرى ئەھدىنامىسىنى ئىمزالىغان. ئەگەر ئۇلار ئەركىن سودا ئويۇشمىسىنى تونۇمىسا، ئۇلار دۇنياغا ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارا ئۆلچەملەرنى تونۇمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان بولىدۇ. شۇڭا جۇڭگونىڭ مەملىكەت ئىچىدە خەلقئارا ئۆلچەملەرنى ئىجرا قىلمايدىغانلىقىغا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ئائىت باشقا بىر خىل پائالىيەت ئويۇشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. بۇنى ئۇيغۇر جامائەت بىلەنلا ئەمەس، بەلكى تىبەتلەر، موڭغۇللار، تەيۋەنلىكلەر ۋە جۇڭگو سىياسىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بارلىق دۆلەتلەر بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن قىلىش كېرەك. مېنىڭچە، جۇڭگودا زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان بارلىق خەلقلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تىرىشچانلىقىنى بىرلەشتۈرۈش (بىر يەرگە ئەكىلىش) كۈچ چىقىرىشىمىزغا ئەرزىيدىغان بىر ئىش. خىلمۇ خىل گۇرۇھلار بىلەن ئۇچرىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشتە سىلەر يەنە ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىدىن پايدىلانساڭلار بولىدۇ.

## 2.4.2 سوئال ـ جاۋابلىق مۇزاكىرە

**سوئال:** خەلق ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغاندا قانداق قىلىشى كېرەك؟ تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش پرىنسىپى كىشىنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن زەربە بېرىشىگە يول قويامدۇ؟

**جاۋاب:** تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش رادىكال پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىنىڭ كىرىش سۆزىدە قورال ئىشلىتىپ زەربە بېرىش ھەتتا ئۆز ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن بولغان تەقدىردىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. سۆزلەش قىلىشتىن ئاسان، بولۇپمۇ بىرەرسى سىزنىڭ دوستىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ياكى ئائىلىڭىزنىڭ بالىياتقۇسىنى تېشىۋەتسە، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىشىڭىز ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ئويلىغاندا، سىز ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن نېمىنى ھەل قىلدىڭىز؟ ئەگەر سىز زوراۋانلىققا ئۇچرىسىڭىز ياكى ئائىلىڭىزدىكىلەردىن بىرەرسى زوراۋانلىققا ئۇچرىسا، ئاندىن سىز زوراۋانلىق قىلغۇچىغا قايتۇرما زوراۋانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرسىڭىز ياكى ياربدار قىلسىڭىز، ئاخىرقى نەتىجە قانداق بولماقچى؟ خۇددى مۇھانداس گەندى ئېيتقاندەك: «بىر كۆز ئۈچۈن بىر كۆزدىن ئىنتىقام ئېلىش پۈتۈن دۇنيانى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ.[8]» بىر زوراۋانلىق قىلمىشىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن سىز شۇنداق بىر ئۇسۇلنى ئىجاد قىلىپ چىقىڭكى، زوراۋانلىق قىلغۇچى سىزنىڭ تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىڭىز ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەيدىغان ھالەتتە تەڭلىكتە، قىيىن ئەھۋالدا قالسۇن!

ئۆتكەن ھەپتە قۇددۇستا ئىدىم. مەسچىدى ئەقساغا بېرىپ زىيارەت قىلغۇم بار ئىدى. بىراق بىزنى مەسجىدكە كىرگىلى قويمىدى. 2000 ـ يىلى شارون ئەپەندى 300 نەپەر ئەسكەر بىلەن كىرگەندە يۈز بەرگەن

[8] ئۇيغۇرچىدىكى «قاننى قان بىلەن يۇيغىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆز بۇنىڭغا ماس كېلىدۇ.

ۋەقەدىن كېيىن، غەيرىي مۇسۇلمانلار (مۇسۇلمان ئەمەسلەر) مەسجىدكە كىرەلمەيدىغان بوپتۇ. ھازىر شارون ئەپەندىنىڭ 300 نەپەر ئەسكىرى بىلەن مۇقەددەس ماكاننى زىيارەت قىلغانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا تووۋلاپ ۋارقىراشىنىڭ ئورنىغا ئەتىرگۈل تۇتۇپ قىزغىن قارشى ئالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. بۇنىڭغا نىسبەتەن، شارون ئەپەندىنىڭ ۋە ھەممەيلەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان بۇ ئۇچرىشىشنىڭ رەسىمىنى تارتقىلى كەلگەن دۇنيا ئاخبارات ساھەسىنىڭ ئىنكاسى قانداق بولىدۇ؟ بۇ بولسا قۇتراتقۇلۇقتا تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش يولى بىلەن جاۋاب بەرگەنلىك بولىدۇ. دېمەكچى بولغىنىم، ئۆزۈڭلارنى بىر بۇرجەككىلا كەپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا يېڭى ئۇسۇللانى ئىجاد قىلىڭلار دېمەكچى.

يەنە بىر كىچىك مىسال: ئەگەر سىلەر ھۆكۈمەت تەستىقلىمىغان بىر نامايىشنى قىلساڭلار ياكى جۇڭگوغا قارىغاندا ۋەزىيىتى بىر ئاز تىنچراق دۆلەتتە بىرەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلساڭلار، ئۇستىگە «ساقچى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن، مېنى تۇرمىگە ئاپىرىڭ!» دەپ يېزىقلىق كىيىم كىيىۋالساڭلار بولىدۇ. چۈنكى سىلەر بۇ يەردە ساقچى بىلەن ئارمىيىگە قارشى ۋەزىيەتنى يامانلاشتۇرماقچى ئەمەس، بەلكى باشقا بىر نەرسىلەرنى تەلەپ قىلماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتىسىلەر. بۇ ئىش سىلەرنىڭ دەۋايىڭلارنى ھەممە يەرگە يۇر كېتىدىغان بىر خەۋەرگە ئايلاندۇرىدۇ. سەۋەبى كىشىلەرنىڭ ساقچىلاردىن تاياق يېگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى شەپقەتلىك جاۋاب قايتۇرۇلغانلىقىدا.

### 3.4.2 تەكلىپ پىكىرلەر

ئولىمپىك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇش كېرەك.

ئولىمپىك مەزگىلىدە ئۆلۈم جازاسىنى توختىتىشنى قوللاش كېرەك.

ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىدىكى مۇزاكىرە يىغىنىدىن پايدىلىنىپ، باشقا ۋاكالەتسىز خەلقلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش كېرەك.

جۇڭگودا زۇلۇمغا ئۇچرىغان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر (تىبەتلەر، تەيۋەنلىكلەر، ئىچكى موڭغۇللۇقلار) بىلەن ھەمكارلىشىش كېرەك.

## 3. دېموكراتىيە ۋە دېموكراتىكلىشىش جەريانى

### 2007 - يىلى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چارشەنبە

### 1.3. جۇڭگو ۋە شەرقىي ئاسىيانىڭ دېموكراتىكلىشىش جەريانى

#### 1.1.3 پروفېسسور يىتزاك شىخورنىڭ دەرسى

(هايفا ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقىي ئاسىيا تەتقىقات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى)

د ئۇ ق نىڭ ئاساسىي قانۇنىدا كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم ئاتالغۇ «دېموكراتىيە». د ئۇ ق ئۆزىنى «بىر دېموكراتىك تەشكىلات»، رەھبىرىنى «دېموكراتىك سايلانغان» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق نىشانى «تىنچ ۋە دېموكراتىك يول بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك هوقۇقلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ»، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي كەلگۈسىنى قارار قىلىشتۇر. ئۇ «دۇنيادىكى كۆپ سانلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن يېقىن ئالاقە ئورنىتىپ ۋە هەمكارلىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن كىشىلىك هوقۇق، دىنىي ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىنى تىنچ ئۇسۇلدا ئىلگىرى سۈرۈش»نى تەشەببۇس قىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، «د ئۇ ق جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشىغا قارشى تىنچ يول بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشنى، ئۇنىۋېرسال كىشىلىك هوقۇق خىتابنامىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلىك هوقۇق ئۆلچەملىرىدە شەرتسىز چىڭ تۇرۇشنى، دېموكراتىك كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە هاكىمىيەتلەقچىلىق، دىنىي جەھەتتە يەكلەش ۋە تېررورىزمنىڭ سىياسەت ۋاستىسى بولۇشىغا قارشى تۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى جاكارلىغان.» ئايرىم بىر نۇقتا شۇكى، د ئۇ ق رەھبەرلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي كەلگۈسىنى ئاساسلىقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە دېموكراتىيىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە باغلىغان. جۇڭگو دېموكراتىكلەشكەندىن كېيىن ئىستىقبالى قانداق بولىدۇ؟ جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ۋە سىياسەت ئەنئەنىسىگە ئازدۇر - كۆپتۇر ۋارىسلىق قىلغان ۋە دېموكراتىيىنى ئۆزىگە تەتبىقلىغان باشقا شەرقىي ئاسىيالىق مىللەتلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن نېمىلەرنى ئۆگىنەلەيمىز؟ دېموكراتىيىنىڭ ئالاهىدىلىكى كۆپ سانلىقلىق ۋە كۆپ خىللىقلىق بولغان ئىكەن، جۇڭگوچە دېموكراتىيىنىڭ ئاساسلىق ئالدىنقى شەرتلىرى قانداق بولىدۇ؟ بۇ دەرستە شەرقىي ئاسىيادىكى مۇھىم دېموكراتىكلىشىش جەريانىنى يىغىنچاقلاپ ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى ۋە تەجرىبە ساۋاقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. ئەگەر بۇ يەردە جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك، يەنى جۇڭگوچە دېموكراتىيىنىڭ ئىستىقبالىنى پەرەز قىلغىلى بولىدىغان بىرەر نەرسە بار بولسا، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارمۇ نېسىۋىسىنى ئالالايدۇ.

1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ جۇڭگودا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ. ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە، يەنى ئىلگىرىكى سوتسىيالىستىك بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئىگىلىكى هازىر ئاتالمىش ئەركىن بازار ئىگىلىكى كاپىتالىستىك ئىقتىسادقا ئۆزگىرىۋاتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش تەدرىجىي هالدا جۇڭگودىكى ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي هاياتقا تەسىر قىلىپ، هازىر ئۇلار ئىلگىرىكىگە قارىغاندا نىسبەتەن ئەركىن ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگونىڭ ئىدېئولوگىيىسى ۋە سىياسىي تۈزۈمىگە كۆپ تەسىر قىلمىدى. شۇبهىسىزكى،

غەرب ئەللىرىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە خەلق جۇڭگونىڭ ئىچىۋېتىش سىياسىتى ۋە (ئاساسلىقى) ئىقتىسادىي نەتىجىلىرىدىن تەسىرلەندى. ياۋروپا تارىخىدا 18 ـ 19 ـ ئەسىرلەردىكى ئەركىن ئىقتىسادنىڭ دېموكراتىيىگە «سەكرەپ» ئۆتۈش تەجرىبىسىدە مەلۇم بولغىنىدەك، كىشىلەر كاپىتالىستىك ئۆلچەملەرنى تەدبىقلاشنىڭ جۇڭگونى دېموكراتىكلىشىشكە، ھېچ بولمىغاندىمۇ ياۋروپاچە مودېلنى قوللىنىشقا زورلايدىغانلىقىنى كۈتمەكتە.

شۈبھىسىزكى، گەرچە ھازىرغىچە تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق دەپ ئىشىنەتتى: شەھەرلىك فابرىكچىلاردىن ئىبارەت بۇ يېڭى «سىنىپ» باشقا ھېچقانداق ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەي، پادىشاھلىق تۈزۈمگە ۋە چېركاۋنىڭ تىجارەت قىلىش، مۇلازىمەت قىلىشىغا قىلچە پەرۋا قىلماستىن، ئۇلار تەرىپىدىن بوش قالدۇرۇلغان ئورۇننى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي بايلىقى بىلەن تولدۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. باشتىن باشلاپلا يېزا ئىگىلىكىگە ئاساسلىق ئەھمىيەت بەردى. چېركاۋ بىلەن دۆلەت بۇ يېڭى سىنىپنىڭ يېڭى مەنبەدىن راۋۇرۇس ياخشى نەپ ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى بايقاپ قالغان چاغدا، ئۇلار ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىدى. ھالبۇكى، ئىلگىرىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولۇپ كەتكەن بۇ يېڭى سىنىپ (ھازىر بۇرژۇئازىيە دەپ ئاتىلىدۇ) ھەرگىزمۇ تەسلىم بولغۇچى ئەمەس ئىدى. ھۆكۈمەتتە «ۋەكىللىك سالاھىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا باج تاپشۇرماسلىق»[9] پرىنسىپى بويىچە ھۆكۈمەت ئەگەر ئۇلارنىڭ پايدىسىغا شېرىك بولماقچى بولسا، ئۇلارنىڭمۇ ھۆكۈمەتكە شېرىك بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. مانا بۇ تەقدىرى ئەركىن ئىقتىساد ئامىللىرىغا زىچ باغلانغان ئوتتۇرا قاتلام سىنىپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تايانغان دېموكراتىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئىنتايىن ئاددىيلاشتۇرۇلغان ھالدىكى چۈشەندۈرۈلۈشى. بۇ سىنىپنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمگە جەڭ ئېلان قىلالىغۇدەك ئىرادىسى ۋە كۈچى بار ئىدى. ھالبۇكى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچى بار، ئىرادىسى يوق؛ پرولېتارىياتلارنىڭ بولسا، ئىرادىسى بار، كۈچى يوق ئىدى.

بەزىلەر يېقىنقى 28 يىلدىن بۇيان جۇڭگومۇ دەل مۇشۇ يولدا كېتىۋاتىدۇ دەيدۇ، ئەمما ئىش ئۇنداق ئەمەس. جۇڭگودا ھازىرغىچە ئۆز ئۆزىگە غوجا ئوتتۇرا قاتلام سىنىپ، قانۇنلۇق ھالدا ئۆزىنى ئۆزى باقالايدىغان ئاقسۆڭەكلەر ۋە دىنىي مۇئەسسەسىلەر بولمىغان، مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بىر بيۇروكرات ھۆكۈمەت بار. ياۋروپا جەمئىيىتىدە بۇرژۇئازىيە، ئاقسۆڭەكلەر ۋە دىنىي جەمئىيەتلەر مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە نىسبەتەن چەكلىمە يۈرگۈزۈپ، پەرقلىق جەمئىيەت ۋە ئەركىن سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. جۇڭگودا بولسا ئەمەلىيەتتە مۇستەبىت ھۆكۈمەتكە ھېچقانداق چەكلىمە يوق، ئۇلار خالىغىنىنى قىلالايدۇ. بۇ يەردە زىيالىيلار بىلەن سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى باشلىقىغا پۈتۈنلەي بويسۇنىدۇ. ماۋزېدۇڭدىن كېيىنكى جۇڭگودا بۇ جەھەتتە قىلچە ئۆزگىرىش يوق. دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە جۇڭگولۇق ئاتالمىش يېڭى كاپىتالىستلار ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا كېلىپ، دۆلەت چېكىنىپ چىققاندا (دۆلەت ئىگىلىكى شەخسىي ئىگىلىككە ئۆزگەرگەن چاغدا) شەكىللەنگەن بوشلۇقنى تولدۇرمايدۇ. ئەكسىچە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھەممىگە قادىر. بۇ يەردە ياۋروپادىكىدەك ئىقتىسادىي ياكى سىياسىي بوشلۇق مەۋجۇد ئەمەس. جۇڭگودىكى كاپىتالىزم دۆلەتنىڭ بىر ئىجادىيىتى بولۇپ، تاسادىپىي بارلىققا كەلگەن ئەمەس. جۇڭگودا مەۋجۇد بولغان ئاتالمىش «ئوتتۇرا قاتلام سىنىپ» بولسا ئىسمى بار، جىسمى يوق ھالەتتە بولۇپ، ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق.

---

“No taxation without representation” [9]

بەزىلەرنىڭ باي بولۇشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى يۆلىگەنلىكىدە. ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە يوق. «ئوتتۇرا قاتلام سىنىپ»نىڭ ھەر قانداق ئەھۋالدا دۆلەتكە نىسبەتەن پىشاڭلىق رولى يوق. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ماۋزېدۇڭ دەۋرىدىن كېيىنكى ئىسلاھاتنىڭ پايدىسىنى كۆرۈۋاتىدۇ ۋە دېموكراتىيىگە قىزىقمايدۇ. پەقەت ھەممە نەرسىنى دۆلەت ئەكېلىپ بەرسىلا مۇشۇنداق. ئۇندىن باشقا، جۇڭگولۇقلارنىڭ كاللىسىدا غەربچە دېموكراتىيە ئوقۇمى «قالايمىقانچىلىق»، «پاراكەندىچىلىك»، «بۆلۈنۈش»، «گۇرۇھۋازلىق» ۋە «ئاجىزلىق» دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. رېئاللىق شۇكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى چەت ئەل تىلى بىلمەيدىغان جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن جۇڭگو ئاللىقاچان دېموكراتىكلىشىپ بولغان. دېموكراتىيە ئاتالغۇسى خەنزۇچە مىنجۇجۇيى (سۆز مەنىسى: خەلقنىڭ ھاكىمىيىتى) بولسا، ج ك پ ئۆزى جاكارلىغاندەك خەلقنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى بولغان جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ نەق ئۆزىدۇر.

دېموكراتىيىنى «خەلقنىڭ ھاكىمىيىتى» دەپ قاراش ئۇنى پۈتۈنلەي ئاددىيلاشتۇرۇۋەتكەنلىك خالاس. «دېموكراتىيە» ئاتالغۇسىنىڭ تولۇق مەنىسى: سۆزلەش ۋە دىنىي ئەركىنلىك، ئەركىن سايلام ۋە پارلامېنت ئۇسۇلى ۋەكىللىك، كۆپ پارتىيىنىڭ قانۇنلۇق رىقابىتى، قانۇن ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت، سىياسەتكە قاتنىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل بولسا، ئۆكتىچى (مۇخالىپەت) تەرەپتۇر. ئىشەنچلىك دېموكراتىيە ئۆكتىچى گۇرۇھ (پارتىيە ياكى سىنىپ) نىڭ كۈچلۈك بېسىمىنىڭ دىئالېكتىك نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىنى ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىيالايدىغان ئەڭ چوڭ كۈچتۇر. كۆرەش قىلمايلا قولغا كەلگەن دېموكراتىيە (مەسىلەن: ھىندىستان ۋە ياپونىيىدىكىگە ئوخشاش تاشقى دېموكراتىيە ياكى تەيۋەندىكىگە ئوخشاش ئىچكى دېموكراتىيە) كۈچلۈك ئىجتىمائىي كۈچكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، شۇڭا ماھىيەتتە ئاجىز بولىدۇ. جۇڭگودا ھەر ئىككى خىل ئېھتىماللىق مەۋجۇد ئەمەس. جۇڭگوغا دېموكراتىيىنى مەجبۇرى ئەكىرەلىگۈدەك تاشقى كۈچ يوق، ھۆكۈمەتنىڭمۇ ئۆزى خالاپ دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش نىيىتى يوق. ھەتتا تېخىمۇ ئېغىر ھەم ئاساسلىق قىيىنچىلىق شۇكى، رەھبەرلىكنىڭ ئىچكى ھەم تاشقى قاتلىمىغا نىسبەتەن بۇ يەردە مەملىكەت ئىچىدە ھەر قانداق بىر قارشىلىق، نارازىلىققا ئائىت بىرەر ئالامەت يوق. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ھەرىكىتى باشلانغان، 1989 ـ يىلى تىيەنئەنمېن ۋەقەسى قانلىق باستۇرۇلغان، دېڭ شىياۋپىڭ 1992 ـ يىلى جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن جۇڭگو رەھبەرلىرى ئىقتىسادىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدە تېخىمۇ دادىل، تەكشى قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆپ چىقىم قىلىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالدى. قۇتراتقان ھالدا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، جۇڭگونىڭ سىياسىتى ماۋزېدۇڭ زامانىدا كۆپ خىل ۋە رىقابەتكە ئوچۇق ئىدى. چۈنكى ماۋزېدۇڭنىڭ قارىشىچە، «ئىككى خىل لۇشىيەندە كۆرەش قىلىش»[10] بىر سەلبىي ئەمەلىيەت بولماستىن، بەلكى ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ئىجابىي ۋە مۇقەررەر يۈزلىنىش ئىدى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ياۋروپا ۋە ئاسىيانىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا جۇڭگونىڭ دېموكراتىكلىشىش ئېھتىمالى مېنىڭ نەزىرىمدە كۈنسېرى ئاز كۆرۈنمەكتە. مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇش سىياسىي ئەنئەنىسىدىن باشقا سىرتقى تەسىر ۋە دېموكراتىيە مودېلىنىڭ كەمچىللىكى، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىنتائەتچانلىق قاتارلىق ئامىللار جۇڭگو دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى تېخىمۇ تەسىرى كۈچلۈك ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلماقتا. يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىل ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگونىڭ قولغا

Liangtiao luxian douzheng 两条路线斗争 [10]

كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى جۇڭگودا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىقنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ج ك پ نىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى تېخىمۇ يۇللۇق ھالغا كەلتۈرىدىغانلىقى ئېنىق. كۆپلىگەن جۇڭگولۇق ئەھۋالىدىن رازى ۋە ۋەزىيەتتىن مەمنۇن كۆرۈنمەكتە. باشقىلار كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. «كوممۇنىزم» جۇڭگودا ئۈزۈن قايناپ كەتتى، لېكىن بۇ دېموكراتىيە دەرىزىسىنىڭ يېپىنغا كېلىپ قالدى دېگەنلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، دېموكراتىيە بۇ يەردىن خېلى ئۇزاقتا.

بۇ ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن خۇشخەۋەر ئەمەس. پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلار تېخىمۇ ياخشى تەشكىللىنىپ، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، دانالىق بىلەن ئىش قىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەنسېرى ئۇلارنىڭ نىشانغا يېتىش يولىدىكى تۇسالغۇمۇ شۇنچە كۈچلۈك ۋە مۇرەككەپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى جۇڭگونىڭ دېموكراتىكلىشىشىدىن ئۈمىدىنىڭ ئازلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى كۆپ سانلىق ھۆكۈمەتلەر ۋە تەشكىلاتلارنىڭ جۇڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلىكى (شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) نى رەسمىي ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي مەنپەئەت ۋە ھەتتا بېقىنىدىلىق تۈپەيلى، جۇڭگونى رەنجىتىپ قويماسلىققا دىققەت قىلىدىغانلىقىدا. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ دەۋاسىدا ئىلگىرىلىمەكچى بولسا، باشقا ئامىللارنىمۇ ئويلىشىپ بېقىشى ۋە قاتتىق سەۋرچان بولۇشى كېرەك.

## 2.1.3 تەكلىپ پىكىرلەر

شەرقىي ئاسىيانىڭ دېموكراتىكلىشىشىدىكى ئۆرنەكلەرنى تەتقىق قىلغاچ جۇڭگونىڭ مەسىلىسىنى ئانالىز قىلىش كېرەك.

جۇڭگودىن سودا جەھەتتە پايدا ئالىدىغان ۋە ئۇنىڭغا بېقىنىدىغان غەرب ئەللىرىدىن ئۇيغۇر دەۋاسى ھەققىدە ئۈمىد كۈتمەسلىك كېرەك.

## 2.3 دۆلەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش ـ دۇنيا مىقياسىدىكى دېموكراتىك ھەرىكەتلەرگە ياردەم قىلىش

### 1.2.3 لۇئىسا كوئان گرېۋې خانىمنىڭ سۆزى

(ئامېرىكا دۆلەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى جەمئىيىتى شەرقىي ئاسىيا ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)

دۆلەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى جەمئىيىتى ئامېرىكىدىكى باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان بىر شەخسىي تەشكىلاتتۇر. ئۇنىڭغا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ماددىي ياردەم بەرمەيدۇ ھەم نازارەتچىلىك قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دېموكراتىك تۈزۈم بەرپا قىلىش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن فوند پىلانلىرىغا مەبلەغ سېلىشتۇر. ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش، بىر تېررىتورىيىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى، ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان گۇرۇھلارغا فوند بەرمەيمىز. بىزنىڭ فوند بېرىش دائىرىمىز 12 خىل بولۇپ، بۇلار: ئۈچىنچى ئەركىنلىكى؛ سىياسىي ئىلگىرىلەشلەر؛ دېموكراتىك ئىدىيە ۋە قىممەت قارىشى؛ سىياسىي ئورگانلارنى كۈچلەندۈرۈش؛ مەسئۇلىيەتچانلىق؛ كىشىلىك ھوقۇق؛ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش؛ ئاممىۋى مائارىپ؛ ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنى كۈچلەندۈرۈش؛ جەمئىيەت قۇرۇش ئەركىنلىكى (بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ بازار ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. بىز تەرەققىيات ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى پىلانلىرىغا فوند بەرمەيمىز. بەزى ئەھۋاللاردا ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشرىيات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش دېموكراتىك ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مەدەنىيەتنى قوغداش مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، دېموكراتىكلاشتۇرۇش ھەممىشە ئوخشاش پىكىردە بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە چۇشلۇق پەرقلىق قاراشقا ئىگە ھەمدە دېموكراتىك، ئېچىۋېتىلگەن بىر جەمئىيەت قۇرۇش ئارزۇسىدا پىكىرداش كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر قانداق دېموكراتىك جەمئىيەت مانا مۇشۇنداق بىر پوزىتسىيىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات: «بۇ دېموكراتىيە ئۈچۈن پايدىلىق» دەيدۇ، لېكىن «پەقەت بىرىلا دېموكراتىيىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ» دېيىش دېموكراتىك ئەمەس. تەشكىلاتلار دېموكراتىيىنى قوللايدىغان كۆپلىگەن پەرقلىق تەشكىلاتلارنىڭ تۆھپىسىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. بۇلار دېموكراتىك ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ ياخشى خىزمەت قىلغانلىقىنىڭ ئورتاق ئۆلچىمى. ئەلۋەتتە ئۇلار پۈتۈنلەي سەمىمىي ۋە ئۈچۈق يورۇق بولۇشى كېرەك. ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار ئەخلاقىي جەھەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، قىلچىلىك ئەخلاقىي سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەسلىكى لازىم. 1989 ـ يىلى ئوقۇغۇچىلار ئاچلىق ئېلان قىلغان مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ بېيجىڭ مېھمانسارىيىنىڭ ئىچىدە كەچلىك تاماق يەپ ئولتۇرغان ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئۆركەشنى كۆرۈپ قالغانلىقى ئېسىڭلاردا بارمۇ؟[11] كىچىككىنە بىر چىرىكلىك دېموكراتىك تەشكىلاتلارنىڭ ئوبرازىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئىنكارچىلىق ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار ئۈچۈن چوڭ بىر كاشىلا.

---

[11] ئۆركەش، 1989 ـ يىلى 21 ياش، دېموكراتىيە تەشەببۇسچىسى ئۇيغۇر پائالىيەتچى، ئوقۇغۇچىلارنى ئاچلىق ئېلان قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغان. دەل شۇ پەيتتە تېلېۋىزوردا مەملىكەت خەۋەرلىرىدە ئۇنىڭ بېيجىڭ مېھمانسارىيىدا كەچلىك تاماق يەۋاتقانلىقى كۆرۈنۈشى كۆرسىتىلگەن. تەپسىلاتى: http://www.time.com/time/magazine/article/0,9171,958020,00.html دە.

UHRP[12] دۆلەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى جەمئىيىتىنىڭ فوندىغا ئېرىشكەن «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پىلانى»دىن بەلكىم خەۋىرىڭلار بار. بۇ تور بېتىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇققا دائىر ئۇچۇر مەركىزى قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدۇق. ھازىرقى نۇسخىسىنىڭ كەمچىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ياۋرۇپادىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا مەزمۇن ئاز، بۇ بەك ياخشى بولماپتۇ. ئۇلار ياۋرۇپادىكى بەلگىلەنگەن نۇقتىغا يېتەرلىك ماتېرىيال ئەۋەتىپ بېرەلمىدى. شۇڭا دۆلەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى جەمئىيىتى ئۇلارغا كۆپرەك پۇل بېرىشى كېرەك. ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پىلانى ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىر پىلانى ئىدى. دۆلەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى جەمئىيىتى بۇ تور بېتىنى قوللىمايدۇ. دۆلەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى جەمئىيىتى ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كىشىلىك ھوقۇق ئۇچۇر مەركىزى پىلانى ئۈچۈن فوند بېرىدۇ. شۇنداقلا بىز خەلقئارا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتىنى قوللايمىز. رابىيە قادىر خانىم سۆزلەپ ئۆتكەندەك، دۆلەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى جەمئىيىتى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر تەربىيىلەش كۇرسىغا مەبلەغ بەردى. بۇ كۇرس 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئېچىلغان بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 60 نەپەر ئايال قاتناشتى. بىزنىڭ فوند ياردىمىمىزگە ئېرىشكەن يەنە بىر يېڭى تەشكىلات خەلقئارا ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى. ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىدە مەمتىمىن ئەلا ئەپەندىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىككى نەپەر ۋەكىلىمىز بار.

## 2.2.3 سوئال ـ جاۋابلىق مۇزاكىرە

**سوئال:** مەن قازاقىستاندىن كەلدىم، ئۇيغۇر مىللىي ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسىمەن. بىز بىر خەۋەرلەر ژۇرنىلى نەشر قىلىۋاتىمىز ۋە بۇنى كېلەركى يىلدىن باشلاپ ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىشنى ئويلىشىۋاتىمىز. بۇ ژۇرنال ئۈچۈن ئامېرىكا دۆلەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى جەمئىيىتىدىن فوند ئېلىشقا ئىلتىماس قىلساق بولامدۇ؟

**جاۋاب:** بۇ بەك ياخشى ئىش بوپتۇ. بارلىق پىلان لايىھەلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. بىزگە ئۇلارنى ئېلخەت بىلەن يوللاڭ. ئاۋۋال بىزنىڭ تور بېتىمىزدىكى يېتەكچىلىك قىلىش پرىنسىپى ھەققىدىكى مەزمۇنلارغا بىر قاراپ بېقىڭ. يەنە بىر ئىشنى ئەسكەرتىپ قوياي: بىز پەقەت ئىنگلىزچە ۋە خەنزۇچە يېزىلغان لايىھەلەرنىلا قوبۇل قىلىمىز.

## 3.2.3 تەكلىپ پىكىرلەر

مەيدانى ئېنىق بولۇش، داۋاملىق دېموكراتىيىنى ئىجرا قىلىش كېرەك. كىچىككىنە بىر چىرىكلىك ھادىسىسى تەشكىلاتنىڭ ئوبرازىنى غايەت زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

---

[12] UHRP ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پىلانى تور بېتى http://www.uhrp.org گە قاراڭ.

## 3.3 دېموكراتىكلىشىش: ۋەقەلەرنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە يەكۈنلەنگەن ساۋاقلار

### 1.3.3 كېن كوستىيو ئەپەندىنىڭ دەرسى

(يەر شارى دېموكراتىيە مەنبەسى تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى)

بىز ئەركىنلىك، مىللىي مۇستەقىللىق، باشقا ئاممىۋى ۋە سىياسىي ھەق - ھوقۇقلار ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان باشقا ھەركەتلەرنى تەھلىل قىلىمىز. بىز ئۇلارنى پەقەت قىزىقىش ئۈچۈنلا تەھلىل قىلماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلقى ئۆتمۈشتىكى ھەركەتلەردىن ئىبرەت، ساۋاق ئالغان ئاساستا ئۇلارنى ئۆرنەك قىلىپ تۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كەلگۈسىگە قانداق يۈزلىنىدۇ دېگەن مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا تەھلىل قىلىمىز. 1940 - يىللاردا 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ ب د ت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق ئەركىن بىر دۆلەت شەكلىدە مەيدانغا كەلگەن ھەر دۆلەتنى تەھلىل قىلىمىز. ئىگىلىك ھوقۇقلۇق بىر دۆلەتكە ئايلىنىشنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئەركىن خەلققە ئايلىنىشتىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى كۆرىسىلەر. بىز بۇ ئىككى خىل قاراش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چۈشىنىشكە تىرىشىمىز. بۇ مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئامىللارنى قوللىنىمىز. ئالدىنقى ئىككى ئامىلنى تاشقى تەسىر دەپ ئاتايمەن. بۇلار سىلەرنىڭ خەلقىڭلارغا ۋە جەمئىيىتىڭلارغا نىسبەتەن تاشقى ھېسابلىنىدۇ. سىلەرنىڭ مەسىلەڭلار جۇڭگو. باشقا ئىمپېرىيىلەر ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى دۆلەتلىرىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن دېگەن ئاساستا جۇڭگونىڭ سىلەرنىڭ كەلگۈسىڭلار ۋە ئازاتلىقىڭلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا قارايمىز. ئەڭ ئاددىي بىر مىسال بولسا، بىر دۆلەتنىڭ بىر دۆلەتتىن ئايرىلىشىدۇر. بۇ خىل ئەھۋالدا شەرقىي تۈركىستان جۇڭگودىن ئايرىلىپ بىر دۆلەت بولىدۇ. نۇرغۇن ئىشلار دۆلەتنىڭ دېموكراتىك خۇسۇسىيىتىگە باغلىق بولىدۇكى، دۆلەت سىلەرگە ئەركىنلىك بېرىشى مۇمكىن، ياكى قارشى چىقسا، سىلەر ئەركىنلىكىڭلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭلار مۇمكىن. باشقا ئامىللار بولسا، ئۇلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ھەمكارلىشىدىغانلىقى، ئىگىلىك ھوقۇقنى قولغا ئېلىش ھەرىكىتىدىكى ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تىنچلىقپەرۋەر بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغۇچى خەلققە قارىتا قوراللىق زەربە بېرىشى ياكى ئۇلار بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىشى قاتارلىق ئامىللاردۇر.

سىلوۋاكىيىلەرنىڭ مەسىلىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى. سىلوۋاكىيە ئايرىلىپ چىققان چېخوسلوۋاكىيىدە دېموكراتىيە بار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىشى قانۇنلۇق كېلىشىم ئارقىلىق تىنچلىق ئىچىدە بولغان ئىدى. بىر دېموكراتىك قارار ئۇلارنى يېڭى مۇستەقىل ئەركىن دۆلەتكە ئايلاندۇرغان ئىدى. نامىبىيىنىڭ مىسالى بۇنىڭغا ئوخشمايدۇ. جەنۇبى ئافرىقىنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچى ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلىپ چىقىش ئۈچۈن نامىبىيە 22 يىل ئۇرۇش قىلدى. ھازىر ئۇلار بىر ئەركىن دېموكراتىك دۆلەت. ئۆتمۈشتىكى ئاتمىش يىللىق تەجرىبىلەردىن ئۆگىنىدىغان ئەڭ مۇھىم بىر ساۋاق شۇكى، بىر مۇستەبىت، دېموكراتىك ئەمەس دۆلەت ئۆزىدىن ئايرىلىپ چىققان يېڭى دۆلەتكە ھەرگىز ئەركىنلىك بەرمەيدۇ. كەلگۈسىدە جۇڭگونىڭ نۇرغۇن يېڭى دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ، ئىلگىرىكىگە ئوخشمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. مەن بۇنى «سىستېمىلىق بۆلۈنۈش» دەپ ئاتىدىم: بىر ياكى بىر قانچىگە بۆلۈنۈش نەتىجىسىدە ئەسلىدىكى دۆلەت بىر قانچە يېڭى دۆلەتكە پارچىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىر قىزىقارلىق مىسالى سابىق يۇگوسلاۋىيە بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئېنىق بىر مودېلى يوق. يۇگوسلاۋىيىدىن ئىبارەت بىر دىكتاتور دۆلەتتىن ئون

يىللىق ئۇرۇش نەتىجىسىدە ئۈچى دېموكراتىك، ئىككىسى چېگرا ھالقىغان دېموكراتىك بەش دۆلەت ئايرىلىپ چىقتى. مەن «كۆپ خىل بۆلۈنۈش» دەپ ئاتىغان باشقا بىر خىل ئەھۋال: نۇرغۇن كىچىك دۆلەتلەر ئايرىلىپ چىقىدۇ، ئەمما ئەسلىدىكى دۆلەت يەنە شۇ پېتى ساقلىنىپ قالىدۇ. يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى رۇسىيىنىڭ ئەھۋالىدا بولغىنىدەك.

جۇڭگونىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى ئۆزىمىزدىن سوراپ باقايلى. ئۇ بىر ئىمپېرىيىگىمۇ ئازراق ئوخشايدۇ، مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدىغان بىر دۆلەتكىمۇ ئوخشايدۇ. مېنىڭچە، جۇڭگوغا ئەڭ يېقىن مىسال رۇسىيە. باشقا ئېنىق مودېل يوق. شۈبھىسىزكى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىققانلارنىڭ بىر قانچىسى دېموكراتىك، بىر قانچىسى دېموكراتىيىگە ئۆتۈش باسقۇچىدا، يەنە بىر قانچىسى تېخىچە رەھىمسىز دىكتاتورلۇق ئاستىدا تۇرماقتا.

باشقا بىر خىل ئەھۋال بولسا، مۇستەملىكىسىگە مۇستەقىللىق بېرىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى شەكىل. مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر مۇشۇ خىل شەكىلنىڭ نەتىجىسىدۇر. فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئىككىسى مۇستەملىكىلىرىگە مۇستەقىللىق بەرگەن ئەڭ چوڭ دۆلەتلەردۇر. نۇرغۇن دۆلەتلەر تىنچلىق سۆھبىتى نەتىجىسىدە مۇستەقىل بولغان ۋە بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھازىر دېموكراتىكلاشتى. لېكىن ئۇرۇش ياكى بۆلۈنۈش بار بولغانلىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك دىكتاتورلۇق مەۋجۇد. بۇنىڭ بىر شەكلى (قېلىپى) نى كۆردۇقمۇ؟ 34 يىللىق تارىخ مۇساپىسىدىن ئىبرەت ئالغۇدەك ئېنىق ساۋاق بارمۇ؟ شەرقىي تۈركىستان قانداق بولۇشنى خالايدۇ؟ سىلەر ئېنىق ھالدا نېمىگە ئەگەشمەكچى؟ ئەگەر جۇڭگو ئەتە بىر دېموكراتىك دۆلەتكە ئايلانسا، ئەتە سىلەر بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزسە، ئۇنداقتا سىلەر كەلگۈسى ئازاتلىقىڭلاردا تېخىمۇ ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشكەن بولىسىلەر. لېكىن بۇنىڭغا كېپىللىك قىلغىلى بولمايدۇ. ھازىر ئىزدەۋاتقىنىمىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدىغان بىر قانچە يولدىن ئىبارەت.

باشقا ئىككى ئامىل بولسا ئىچكى تەسىرلەردۇر. سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلاردا تاشقى تەسىر ئاساسەن جۇڭگو. سىلەر، يەنى شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇر جەمئىيىتى، مۇھاجىرەتتىكىلەر ۋە خەلقىڭلار ئىچكى تەسىر ھېسابلىنىسىلەر. خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى ئىزدىشى قانچىلىك دەرىجىدە دېموكراتىك؟ ئۇلار ئۆز ئۆزىنى قانچىلىك دېموكراتىك دەرىجىدە ئىدارە قىلالايدۇ؟ بىر ياخشى ھۆكۈمەت شەكلىدە ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى قانچىلىك باشقۇرالايدۇ؟ چەتئەلنىڭ ياردىمىگە قانچىلىك ئېرىشەلەيدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىچكى تەسىر.

ھازىر بىز سىلەر كەلگۈسىڭلارنى تېخىمۇ بەختەر قىلىش ئۈچۈن خەلقىڭلارنىڭ ئارىسىدا نېمىلەرنى قىلساڭلار بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتىمىز. شۇڭا ئاخىرىدا سىلەر قوللىنىشقا بولىدىغان بىر تارىخىي شەكىلگە قاراپ باقايلى: تارىختا ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار دېموكراتىك ھالدا ئىدارە قىلغىنىڭلار، سىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ھالدىكى ئۆز ھاكىمىيىتىڭلار، سىلەرگە تېگىشلىك دېموكراتىك ئەمەس تارىخىي ئەنئەنىنىڭ قارشىلىقى. بۇلار سىلەرنىڭ خەلقىڭلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بىر يەرگە ئەكىلىشىڭلاردا، ئۆزۈڭلارنىڭ دېموكراتىك جەمئىيىتىڭلارغا سىڭىپ كىرىشىڭلاردا قانچىلىك ياردەم بېرىدۇ؟ سىلەر دېموكراتىك ھالدا ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ئىدارە قىلىشنى ئىستەيسىلەر، جۇڭگو بولسا سىلەرنى دېموكراتىك ئەمەس ئۇسۇلدا باشقۇرۇشنى خالايدۇ. شۇڭا جۇڭگو سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارنى دېموكراتىك ھالدا ئىدارە قىلىشىڭلارغا قوشۇلمايدۇ ۋە سىلەرنىڭ سىرتتا قوللىغۇچى تېپىشىڭلارغا شۇنچىلىك دەرىجىدە قاتتىق قارشى تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ئالىدىغان ساۋاق شۇكى: جۇڭگونى ئۇنۇتۇڭلار (جۇڭگو بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن)،

دىققىتىڭلارنى ئۆز جەمئىيىتىڭلارنى تۈزەشكە مەركەزلەشتۈرۈڭلار. سىلەرنىڭ ئەركىن خەلققە ئايلىنىشىڭلارنى كاپالەتلەندۈرۈدىغان بىردىنبىر ئىش سىلەرنىڭ دېموكراتىيىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشۇڭلاردۇر. جۇڭگو سىلەرنىڭ ئەركىنلىكىڭلارغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، سىياسىي جەھەتتە مۇستەقىل بولۇش سىلەرنىڭ خەلقىڭلارنىڭ ئازات بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

## 2.3.3 سوئال ـ جاۋابلىق مۇزاكىرە

**سوئال:** جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي مىللىي ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشنى ۋە ھەتتا مۇستەقىل بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلارغا ھەقىقىي ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى ھېچقاچان بېرىلمىدى. مانا بۇ بىزنىڭ مەسىلىمىز. بۇ ئەھۋالدا بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟

**جاۋاب:** جۇڭگونىڭ قىلغىنى خاتا، ئاپتونوم رايونلار مۇقەررەر ھالدا مۇستەقىل بولۇشى ناتايىن. ئىسپانىيىدىكى كاتالونىيا ئاپتونوم رايونى، شۋېتسارىيىدىكى شتاتلار، تىبەت ھەممىسىدە ئاپتونومىيە بار. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەركىنلىك ھەرىكەتلىرى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ ۋە كەلتۈرۈپ باقمىدى.

ئۇيغۇر خەلقى قانداق قىلغاندا دېموكراتىك ھالدا ئىدارە قىلىنىدۇ دېگەن سوئالغا پەقەت سىلەرلا جاۋاب بېرەلەيسىلەر. بىرىنچى قەدەمدە، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار، گېرمانىيە مىيونخېندىكى ئۇيغۇر جامائىتى، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئۇيغۇر جامائەتلىرى ئۆزىنى دېموكراتىك ھالدا ئىدارە قىلىشى كېرەك. سىلەر شەرقىي تۈركىستان سىرتىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدا ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش، ئۆزى دېموكراتىك ھالدا باشقۇرۇش ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرالايسىلەر. پارىژدا ياشايدىغان سېنېگال (ئافرىقىنىڭ غەربىدىكى بىر دۆلەت) مۇھاجىرلىرىمۇ بىر چاغلاردا مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى باشلىغان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەشكىلاتلىرىنى دېموكراتىك ھالدا باشقۇردى ۋە كېيىن بۇنى يۇرتىغا ئېلىپ كەتتى.

## 3.3.3 تەكلىپ پىكىرلەر

يەر شارى ئاممىۋى جەمئىيىتىنىڭ قوللىغۇچى ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئىشلەش كېرەك.
ياخشى ئىدارە قىلىشنىڭ بىر شەكلىنى قارار قىلىش كېرەك.
چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلغۇچى تەشكىلاتلاردا دېموكراتىيىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.
بۇ مودىلنى (دەرستە سۆزلەنگەن شەكىللەرنى) خالىغان چاغدا ئىشلىتىش، ھازىرلىنىش كېرەك.

## 4.3

### 1.4.3 مارىنو بۇسداچىن ئەپەندىنىڭ سۆزى

(ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى)

بۇ ئۈچ كۈنلۈك كۇرستىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتى بولدى. ئەگەر بىز مۇستەقىللىق، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش، ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولۇش، ئاپتونومىيە، پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى، تىل ـ مەدەنىيەت ئەركىنلىكى، ئۇيغۇر تىلى مائارىپى... قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەلەپلەرنى تۈيۈقسىزلا توختاتساق، يېقىنقى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھېچقانداق ئىش قىلغىلى بولمايدۇ.

بىز بۇ يەرگە يېڭى كۆز قاراش، يېڭى ھەرىكەت، يېڭى ماھىيەت، يېڭى باشلىنىش، يېڭى چارە ئىزدەش ئۈچۈن كەلدۇق. مەن پروفېسسور شىخورنىڭ «قانداق قىلغاندا كۈچلۈك بولالايدىغانلىقىمىزنى بىلىش ئۈچۈن، قايسى جەھەتلەردە ئاجىز ئىكەنلىكىمىزنى سوغۇققانلىق بىلەن ھەقىقىي چۈشىنىشىمىز كېرەك» دېگەن تەۋسىيىسىگە قوشۇلىمەن.

كۈچلۈك تەكىتلەنمىگەن بىر مەسىلە بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس قالغان زېمىندا كۆپ سانلىق خەلق ئىكەنلىكى. بۇ كۆپ سانلىق خەلق ھازىر پۈتۈنلەي ئىشغال ئاستىدا، ھەتتا ئۆلارنىڭ زېمىنىدىكى بايلىقلار بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىكى ئەڭ جىددىي مەسىلە ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ مەۋجۇدلۇقى مەسىلىسى. بىر خەلقنىڭ كىملىكى ئۇلارنىڭ تىلى، تارىخى، ئۆرپ ـ ئادىتى، مەدەنىيىتى، يۇرتى، مائارىپ تۈزۈمى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتتىكى پائالىيەتلەر ئاز بولماقتا.

كىملىك مەسىلىسى بارلىق ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنى بىر يەرگە ئەكېلىدىغان مۇھىم قەدەم بولۇشى كېرەك. مېنىڭچە، ھازىرقى شارائىت ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئويغىنىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئاۋۋال ئۆزۈڭلارنىڭ ئالدىڭلاردا، ئاندىن جۇڭگونىڭ يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ بۇنى قىلالىشىڭلار كېرەك. جۇڭگوغا ئۆزۈڭلارنىڭ ھاكىمىيەت تەلىپىدىن ۋاز كەچكەنلىكىڭلارنى سۆزلىشىڭلار، جۇڭگودىن سىلەرنىڭ 1984 ـ يىلدىكى ئاپتونومىيە قانۇنىدىن پايدىلىنىشىڭلارنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشىنى تەلەپ قىلىشىڭلار كېرەك.

تىبەتلەرنىڭ مىسالىنى ئويلاپ بېقىڭلار. ئۇلارنىڭ داھىيسى دالاي لاما مۇستەقىللىق تەلىپى قىلىپ باقمىدى. لېكىن ئۇ ھازىرغىچە ئاپتونومىيە ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى تىلىدىن چۈشۈرمىدى. مۇستەقىللىق ھەر بىر خەلق ياكى بىر شەخس ئۈچۈن بىر چۈش، ئەمما بىر مۇزاكىرىدىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بىر سىياسىي ئامىل ئەمەس.

بىز پەرقلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن پەرقلىق تەشكىلاتلاردىن ئويۇشقان بىر گۇرۇپپا كىشىلەر بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلارنى قوللاپ كېلىۋاتىمىز. ئۇيغۇرلارنى قوللايدىغان تەشكىلاتلار بىر ئىشنى ئۆز ئالدىغا قارار قىلالمايدۇ. مۇھىم قارارلارنى يەنىلا د ئۇ ق ياكى قەتئىي بىرلىككە كەلگەن بىر تەشكىلاتتىن ئىبارەت كۈنلۈك ئاستىدا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى چىقىرىدۇ.

مەن يەنە بۇ كۇرسنىڭ داۋامىنى تولۇقلاپ چىقىشقا تىرىشىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەت ياكى قەتئىي قارارغا ئايلىنالماسلىق ئېھتىمالى بار. شۇڭا بىر گۇرۇپپا ياكى تۆت ـ

بەش كىشىنى بۇ كۇرسنى تولۇقلايدىغان خىزمەتلەرنى ئېلخەت ئارقىلىق قىلىشقا باشلاشقا تەكلىپ قىلىمەن. مەن ئويلاپ كەلگەن بىر ئىش بار، بۇ كۇرسنىڭ قارارى ئەمەس، كۇرستىكى خۇلاسە ۋە دەرسلەردىن يىغىنچاقلانغان بەش ئون بەتلىك ماتېرىيال ھەممىڭلارغا بېرىلىدۇ، بىز كېيىن بۇنى مۇھاجىرەتتىكى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا تارقىتىمىز.

ئۇيغۇر جامائەتلىرىگە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ياردەم قىلىۋاتقان تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. بەزى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەردە پىكىرنى، تەدبىرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوللىشىمىزنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

## 2.4.3 تەكلىپ پىكىرلەر

دىققەتنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى قوغداشقا مەركەزلەشتۈرۈش، كىملىك مەسىلىسى بارلىق ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنى بىر يەرگە ئەكېلىدىغان مۇھىم قەدەم بولۇشى كېرەك.

مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشنى توختىتىپ، 1984 ـ يىلدىكى ئاپتونومىيە ھەققىدىكى جۇڭگو قانۇنىنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

بۇ كۇرستىكى دەرس ۋە خۇلاسىلەردىن يىغىنچاقلانغان بىر ھۆججەت ماتېرىيالى يېزىپ چىقىش ۋە تارقىتىش كېرەك.

ئۇيغۇر دەۋاسىنى قوللايدىغان بارلىق تەشكىلاتلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بەزى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەردە پىكىرنى، تەدبىرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك.

## 4. ئۇيغۇر دەۋاسى ئۇچۇن ياۋرۇپا سەھنىسى

## 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پەيشەنبە

### 1.4 ياۋرۇپا پارلامېنتىدا قارار چىقىرىش جەريانىنى تونۇشتۇرۇش

#### 1.1.4 جەك لىكارت ئەپەندىنىڭ سۆزى

(ياۋرۇپا لىبىراللار ۋە دېموكراتلار ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار كومىتېتى سىياسىي مەسلىھەتچىسى)

ياۋرۇپا پارلامېنتىدىكى خېلى كۆپ ساندىكى كومىتېتلار كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ قارمىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدا سىياسىي مەسلىھەتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مېنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپەم ئۇقتۇرۇش، تۈزىتىش ۋە دوكلات تەييارلاش، بولۇپمۇ كىشىلىك ھوقۇققا مۇناسىۋەتلىك «جىددىي قارار لايىھىسى» تۈزۈپ چىقىشتۇر. سىياسىي گۇرۇپپىنىڭ ھەر قانداق ئەزاسى تەلەپ قىلغان ئەھۋال ئاستىدا مەن مۇناسىۋەتلىك دوكلات ۋە ئۇچۇرلارغا ئاساسەن كىشىلىك ھوقۇق قارار لايىھىسى يېزىپ چىقىمەن.

ئادەتتە بۇ قارار لايىھىلىرى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە بولىدۇ: پارلامېنت ئايدا بىر قېتىم ۋەكىللەر تولۇق قاتناشقان بىر يىغىن ئاچىدۇ. بۇ يىغىندىن بىر ھەپتە ئىلگىرى بىز باشقا سىياسىي گۇرۇپپىلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئۆز خىزمەتداشلىرىمىز بىلەن بىر يىغىن ئاچىمىز. يىغىندا كىشىلىك ھوقۇققا ئائىت ئۈچ مۇھىم مەسىلىنى يۇقىرىغا سۇنۇش ئۈچۈن تاللاپ چىقىمىز. بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە باشقا ئاساسلىق سىياسىي گۇرۇپپىلار بىلەن بىردەك پىكىرگە كېلىشىمىز كېرەك. بۇ ئادەتتە ئۇلارنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىلىرى بىلەن كېڭەشىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بىز بىردەك پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن تەكلىپ لايىھىمىزنى پارلامېنتتىكى پرېزىدېنتلار كېڭەشىگە ئەۋەتىمىز. بۇ يەردە ھەر قايسى سىياسىي گۇرۇپپىلارنىڭ پرېزىدېنتلىرى ئىچىلماقچى بولغان يىغىننىڭ كۈنتەرتىپىنى بەلگىلەيدۇ.

مەسىلەن: مېنىڭ گۇرۇپپامدىكىلەر (ALDE)[13] ھازىر ئۈچ تېما ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ. بىرىنچى تېما: دۇنيا بانكىسىدىكى پائۇل ۋولفوۋىتزغا مۇناسىۋەتلىك. ئىككىنچى تېما: سۇرىيەدە قولغا ئېلىنغان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ھەققىدە. ئۈچىنچى تېما: ۋېنېسۇئېلادىكى سۆزلەش ئەركىنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك. بىزنىڭ مۇھىم نۇقتىمىز ئادەتتە ھەر ئايدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ مەقسىتىمىز پۈتۈن دۇنيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا خىزمەت قىلىش. ALDE گۇرۇپپىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بەزى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قارار لايىھىسىنى جەدۋەلگە يېزىپ بولدى. تېخنىك تايانچ بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مېنىڭ بۈگۈن دېمەكچى بولغىنىم: بىز كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى مۇھىم دەپ قارالغان رايونلاردىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشنى خۇشاللىق دەپ بىلىمىز. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ھەمىشە تېخىمۇ ئىنچىكە، تەپسىلىي، ئەتراپلىق قارار لايىھىسى تۈزۈپ چىقىشتۇر. بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش ۋە ئۇنى دەلىللەشتە

---

[13] ALDE=Alliance of Liberals and Democrats for Europe ياۋرۇپا لىبىراللار ۋە دېموكراتلار ئىتتىپاقى

كۆرۈلىدۇ. بۇ جەھەتتە ھەر قانداق ياردىمىڭلار بولسا، بىزدىن ئايىمىساڭلار، سىلەرنى ھەمىشە قىزغىن قارشى ئالىمىز ۋە تەشەككۈر ئېيتىمىز.

### 2.1.4 تەكلىپ پىكىرلەر

ياۋروپا پارلامېنتىدىكى ئاساسلىق سىياسىي سىياسىي گۇرۇپپىلاردىكى سىياسىي مەسلىھەتچىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا يۇرتۇڭلاردىكى كىشىلىك ھوقۇقىا ئائىت ئۆزگىرىشلەرنى بىلدۈرۈشۈڭلار كېرەك. ئۇلارنى يېڭى، ئىشەنچلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى قارار لايىھىسى يېزىپ چىقىشى، قارار لايىھىسىنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى ئەھۋاللارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىغا تۈرتكە بولۇشۇڭلار كېرەك.

## 2.4 ئۇيغۇرلار ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى

### 1.2.4 مايكېل كاشمەن ئەپەندىنىڭ سۆزى

(ياۋروپا پارلامېنتى ئەزاسى (MEP)، ياۋروپا سوتسىيالىستلار پارتىيىسى ئەزاسى)

ھاياتتا پەقەت ئىككى نۇقتىدىلا ھەممىمىز باراۋەر. بىرى، تۇغۇلغاندا ھەممىمىز باراۋەر. يەنە بىرى، ئۆلگەندە ھەممىمىز باراۋەر. مەن بۇ ئىككى نۇقتا ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بولغان مۇددەت ھەققىدە توختالماقچى.

كىشىلىك ھوقۇق ۋە قانۇنىي جەھەتتە باپ ـ باراۋەرلىككە ئېرىشىشنىڭ ئاددىي يولى ئەمەلىي ئەھۋالنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ۋە ئاڭلىتىش ئارقىلىق بولىدۇ. ماڭا نىسبەتەن بۇگۈنگە قەدەر ئىككى نېگىزلىك نۇقتىدا مۇۋەپپەقىيەت بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئەگەر مېنىڭ كىشىلىك ھوقۇقۇم دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىسا، كۆڭلۈمگە كەلگەننى دەرھال ئۇچۇق سۆزلەش. سىزچۇ؟ كىشىلىك ھوقۇقىڭىز پۈتۈن تۇرسا، ئۇنىڭغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنىشىغا رازى بولۇپ سۈكۈتتە تۇرمايدىغانسىز؟! ئىككىنچى نۇقتا تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتىگە باغلىق. بولۇپمۇ ئۆزىڭىزنى كىشىلىك ھوقۇقى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلاپ بېقىڭ. بۇ خىل دەخلى ـ تەرۇزنىڭ بىزگە، ئاتا ـ ئانىمىزغا، ئاكا ـ ئۇكىمىزغا، ئاچا ـ سىڭىللىرىمىزغا قىلىنىشىغا رازىمۇ بىز؟ جاۋابى ئەلۋەتتە ياق!

شۇڭا مەن باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۆرىشىدە ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ كۆرۈنىدىغان، بىلىنىدىغان بولۇشى دەسلەپكى مۇھىم نۇقتا دەپ بىلىمەن. كۆرۈنىدىغان بولۇش بىلەن بىرلىكتە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا باشلاش زۆرۈر. ئالاقىلىشىش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى ئۇ بىزنى سەن ئۇچرىغان كەمسىتىلىش ۋە زىيانكەشلىكنىڭ مەن ئۇچرىغان كەمسىتىلىش ۋە زىيانكەشلىك ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا ئاڭلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ياۋروپا ئىتتىپاقى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ كۈللىرى ئىچىدە بارلىققا كەلدى. بۇ كۈللەر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى كۈل، خەلقنىڭ چۈشىدىكى كۈل ۋە يىغىۋېلىش لاگېرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن جەسەت كۈلى ئىدى. بۇ شۇنداقلا يەنە ياۋروپا دادىل بولۇشى، بىر تۈركۈم كىشىلەر كەمسىتىلىش ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىسا. كىشىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنسا، ياۋروپا ھۆرلۈك بىلەن ئۇلارغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرماسلىقى كېرەك دېگەننى بىلدۈرەتتى.

شۇڭا سىلەرگە بىز بىلەن بىرلىكتە ئىشلەشنى تەۋسىيە قىلىمەن. نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىڭلارنى بىزگە بىلدۈرۈڭلار، ھەرگىز توختاپ قالماڭلار. باراۋەرسىز (تەڭسىز) دۇنيا دېگەنلىك مەدەنىيەتسىز دۇنيا دېگەنلىكتۇر.

### 2.2.4 سوئال ـ جاۋابلىق مۇزاكىرە

**سوئال:** ئەگەر بىر دۆلەتتىكى خەلق دۆلەت تېررورىزمىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىسا ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭغا قايتۇرما زەربە بىلەن قارشىلىق كۆرسەتسە، بۇنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىگە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** بۇ بىر مۇھىم سوئال بولدى. ئەگەر بىر دۆلەت تېررورلۇق بىلەن شۇغۇللانسا، ئەگەر بىر دۆلەت خەلقىنى باستۇرسا، بۇنى توختىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى خەلقئارا ھەرىكەت ئارقىلىق ياكى تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق توختىتىشتۇر. زوراۋانلىققا قايتۇرما زوراۋانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش پەقەت زوراۋانلىقنى تېخىمۇ ئۇلغايتىدۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىزنىڭ كۆرىشىمىز زوراۋانلىققا ئۆزگىرىدۇ ۋە بىز دۇنيا مىقياسىدا ئىتتىپاقداشلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز خالاس.

**سوئال:** ئۆتمۈشتە ئۇيغۇر خەلقى بەزىدە باشقىلارنىڭ كونتروللى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. جۇڭگو ھازىر بىزنىڭ كىملىكىمىزنى يوقىتىش ئۈچۈن تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. ھازىر بىزنىڭ بۇ پاكىتقا قارىتا ئىسپات كۆرسىتىش ھوقۇقىمىز ئىنتايىن چەكلىك. بىزنىڭ بۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ھوقۇقىمىز يوق، ھەتتا بۇ ھەقتە بىر ۋاراق بولسىمۇ بىر نەرسە يېزىپ تارقىتىش ھوقۇقىمىز يوق. مەن جۇڭگودا تىنچ ۋاسىتە قوللانغان ئىدىم، بىراق ھۆكۈمەت مېنى تۈرمىگە سولىدى. مەن ھازىر خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ئاۋازىمىزنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن تىنچلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىۋاتىمەن. ھالبۇكى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا پىسەنت قىلىپمۇ قويمايدۇ. ئۇ خەلقئارا قانۇنغا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىغا رىئايە قىلمايدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداقكەن، بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

**جاۋاب:** جۇڭگو، رۇسىيە ۋە ھىندىستاننىڭ مەلۇم جايلىرىدا كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئاز سانلىقلارنى قوغداش جەھەتتە ئېغىر مەسىلىلەر كۆرۈلمەكتە. ئۇلاردا ئومۇمەن كاپىتالىزم غەلىبە قىلغانلىقى، كۈچلۈك ئىقتىسادىي كۈچى بار بولغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلماقتا. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى كۈچلۈك. ھالبۇكى، غەرب ئىقتىسادى ئۇلار بىلەن سودا قىلىدۇ. مەسىلەن: كىشىلەرنى جۇڭگودىن كەلگەن بۇيۇملارنى ئالماسلىققا تەشۋىق قىلىدىغان پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئۆزىمىزگە باغلىق. بىز سايلايدىغان دېموكراتلار جۇڭگو بىلەن ئادەتتىكى سودا قىلىپلا بولدى قىلمىسۇن، بەلكى جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇققا تولۇق ھۆرمەت قىلغان ئەھۋالدىلا ئاندىن ئۇلار بىلەن سودا قىلسۇن دەپ پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرساق، سايلامدا ئاۋاز بەرسەك بولىدۇ. بۇ پائالىيەتنى كوللېكتىپ ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. بۇ پائالىيەتكە ياۋروپا ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، دۇنيادىكى چوڭ دېموكراتلار ۋە ئورگانلار باشلامچىلىق قىلىشى كېرەك. ئۇلار (جۇڭگو) سىلەرنىڭ ئاۋازىڭلارنى تونۇۋالماقچى بولدى، ئەمما ئۇلار مەغلۇپ بولدى. سىلەرنىڭ ئاۋازىڭلار باشقا مىڭلىغان ئاۋازلارنى ئويغىتىدۇ، مىڭ يىلغىچە جاراڭلايدۇ. ھەر قانداق بىر دىكتاتور، ھەر قانداق بىر زالىم يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ تۇنجى يىغا ئاۋازىدىن قورقىدۇ. چۈنكى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق كۆرەشنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنىڭ سىگنالى.

## 3.2.4 تەكلىپ پىكىرلەر

شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى ئاشكارىلاشقا پۈتۈن كۈچۈڭلارنى سەرپ قىلىشىڭلار كېرەك.

شەرقىي تۈركىستاندا بولۇۋاتقان ئەھۋاللاردىن ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرىنى خەۋەردار قىلىشىڭلار كېرەك.

زوراۋانلىق كۈچىگە تايانماڭلار. ئۇنداق قىلساڭلار، پەقەت زوراۋانلىقنى كۈچەيتكەن ۋە دۇنيادىكى ئىتتىپاقداشلىرىڭلاردىن ئايرىلىپ قالغان بولىسىلەر، خالاس.

## 3.4 ياۋروپا ئورگانلىرىدا كىشىلىك ھوقۇق دەۋاسى مېتودولوگىيىسى

### 1.3.4 دوكتور ۋىللي فائوترې
(خەلقئارا چېگرىسىز كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى مۇدىرى)

ياۋروپا ئىتتىپاقى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىن باشلاپلا ئۇنىڭ پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى بىلەن ھەر ساھەدە بارلىق يىغىنلارغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشى ۋە دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ۋە ئەقەللىي كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق مەسىلىلەر ئۇنىڭ ئاساسىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈردى.

ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسەت تۈزۈلمىسى بويىچە، ئۇ بىر قىسىم دۆلەتلەر بىلەن كىشىلىك ھوقۇق تېمىسىدا ئالاھىدە شەكىلدە دىئالوگلاشتى، بىر دۆلەت بىلەن يەنە بىر دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى نىشان پەرقلىق ئىدى. ئەھۋاللارمۇ بىر ـ بىرلەپ ئۆلچەپ تاسقىلاتتى. بۇ جەھەتتە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ جۇغراپىيىۋى دائىرىسى ئىنتايىن كەڭرى بولۇپ، بارلىق قىتئەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.

جۇڭگوغا كەلسەك، ياۋروپا پارلامېنتى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى ئەلۋەتتە مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ. ئىشقا يارايدىغان بەزى مېخانىزملار تۆۋەندىكىچە:

ھەيئەتكە سۇنۇلغان، پارلامېنتتىن سورايدىغان ئېغىزچە ۋە يېزىقچە سوئاللار؛

قارار لايىھىسى؛

ياۋروپا پارلامېنتى ئەزالىرىنىڭ ساھەپخانلىقىدا ۋە رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان دوكلات يىغىنلىرى، كۇرسلار؛

جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدىغان ۋەكىللەر ئۆمىكى؛

تاشقى مۇناسىۋەت كومىتېتى قارمىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى؛

ياۋروپا پارلامېنتىغا سۇنۇلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق يىللىق دوكلاتى.

ئىككى ئالاھىدە ۋەقە سىلەرنىڭ دىققەت قىلىشىڭلارغا ئەرزىيدۇ: بىرى، ياۋروپا ئىتتىپاقى ـ جۇڭگو يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار يىغىنى. يەنە بىرى، ياۋروپا ئىتتىپاقى ـ جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق دىئالوگى.

### پارلامېنتتىن سورايدىغان سوئاللار

بۇ يىل بىز جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ۋە ئادۋوكات گاۋجىشېڭنىڭ قاماققا ئېلىنىشىغا ئائىت پارلامېنتتىن سورايدىغان بىر قاتار سوئاللارنى تاپشۇق. 2006 ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى تۆت ئېيىدا جۇڭگودىكى دىنىي ئەركىنلىك، خرىستىئانلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى، ئەمگەك مەيدانلىرى، تۈرمە مەيدانلىرى، ئادەم بەدىنى ئەزالىرىنى ئېلىپ سېتىش، رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئۈچ پەرزەنتىنىڭ قولغا ئېلىنىشى قاتارلىقلارغا ئائىت كۆپلىگەن سوئاللارنى بايقىدۇق.

كىشىلىك ھوقۇقنى ئالاھىدە ۋە سىستېمىلىق دەپسەندە قىلىش ھەققىدىكى كۆپ سوئاللارنى ياۋروپا پارلامېنتىدىكى جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزالىرىدىن، تاشقى مۇناسىۋەت كومىتېتى قارمىقىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدىن سوراشقا بولىدۇ.

## قارار لايىھىسى

1989 ـ يىلدىن 2007 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ياۋروپا پارلامېنتى جۇڭگو ھەققىدە 25 تىن ئارتۇق قارار لايىھىسى ماقۇللىدى. بۇنىڭدا جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي مەلۇماتلارغا كۆپ يەر بېرىلدى.

## دوكلات يىغىنلىرى ۋە كۇرسلار

ئۆتكەن يىلى ياۋروپا پارلامېنتىدا ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ھەققىدە بىر قانچە قېتىملىق دوكلات يىغىنى ۋە كۇرسلار ئېچىلدى. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئائىت خەۋەرلەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن سەزگۈر. ئۇلار ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىغا كىرىشىگە ياردەم قىلىشنى خالايدۇ. ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆزىنىڭ قايغۇسىنى ئاڭلىتىدىغان ۋە سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرىدىغان پائالىيەتلەرنى تەشكىللەيدۇ.

## كومىتېتلار ۋە ۋەكىللەر ئۆمىكى

ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش ۋەكىللەر ئۆمىكى قەرەللىك يىغىنلارنى ئاچىدۇ. گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنلىرىنى تەشكىللەيدۇ ۋە بەزىدە جۇڭگوغا بارىدۇ. بۇ ھەپتە بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى تىبەت بىلەن بېيجىڭغا سەپەر قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ، بىر يىغىن ئاچتى. بېيجىڭدا ئۇلار نۇرغۇن يەرلەرنى زىيارەت قىلىشنى، تىبەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى، سىياسىي مەھبۇسلار ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇرغا ئېرىشىشنى، تۈرمىلەرنى زىيارەت قىلىشنى پىلانلاۋاتىدۇ. ئۆمەك تەركىبىدىكى ياۋروپا پارلامېنتى ئەزالىرى مۇشۇنداق بىر زىيارەت ياكى يىغىندىن ئىلگىرى تولۇق مەلۇماتقا ئېرىشىشكە موھتاج. شۇڭا ئۆمەك ئەزالىرىنى ئىشەنچلىك ئۇچۇرلار بىلەن قەرەللىك ھالدا خەۋەردار قىلىپ تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم.

## ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى

بۇ يىل ياۋروپا پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىغا پارلامېنت ئەزاسى سىمون كونېنېۋ مەسئۇل. تەييارلىق باسقۇچىدا ئۇ ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات ۋەكىللىرى بىلەن يىغىن ئاچىدۇ. بۇ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ياۋروپا پارلامېنتى سىياسىتىگە تۆھپە قوشۇشىدىكى ياخشى بىر پۇرسەت، قاچۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

## ياۋروپا ئىتتىپاقى ـ جۇڭگو يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار يىغىنى ۋە كىشىلىك هوقۇق دىئالوگى

ياۋروپا ئىتتىپاقى ـ جۇڭگو يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار يىغىنى ئۆتكەن يىلى فىنلاندىيە پايتەختى خېلسىنكىدا ئېچىلدى، كېلەر يىلى بېيجىڭدا ئېچىلماقچى. ياۋروپا ئىتتىپاقى ـ جۇڭگو بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئارىسىدا يۇكسەك نازارەت ئاستىدا دىئالوگنى داۋاملاشتۇردى. تەكلىپ پىكىرلەرنى ياۋروپا تەرەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر قانچە مەسىلىنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزدى. مەسىلەن:

خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق نىزامنامىلىرىنى ئىمزالاش، قوبۇل قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش. هازىرغىچە جۇڭگو خەلقئارا ئاممىۋى ۋە سىياسىي هوقۇقلار ئەهدىنامىسىنى قوبۇل قىلمىدى.

خەلقئارا كىشىلىك هوقۇق نىزامنامىلىرى ۋە مېخانىزمى بىلەن ماسلىشىش (هەمكارلىشىش)؛

جۇڭگودىكى ئېغىر مەسىلە بولغان ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇزۇش؛

تەن جازاسىنى توختىتىش؛

هەر خىل شەكىلدىكى بارلىق كەمسىتىشنى يوقىتىش؛

سۆزلەش ئەركىنلىكى؛

ئاممىۋى جەمئىيەتلەرنىڭ رولى؛

دېموكراتىيىلىشىش جەريانى ۋە ياخشى ئىدارە قىلىش جەھەتتە ئىلگىرىلەش.

مەن قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ياۋروپا پارلامېنتىدىكى بارلىق مېخانىزملاردىن ئەڭ ياخشى تەرىقىدە پايدىلىنىش ۋە ئۇچۇرلارنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ياۋروپا پارلامېنتىدىكى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا، بەلگىلەنگەن خادىمغا نەق يەتكۈزۈشنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇچۇرلارنى بىرۆكسەلگە ئۈزۈلدۈرمەي يەتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا تەشۋىقات ئىستراتېگىيىسىنى بەلگىلەش ئىنتايىن مۇھىم.

تەپسىلىي دوكلاتلارنى يېزىپ، دەل ۋاقتىدا مەسئۇل خادىمنى نەق تېپىپ يەتكۈزۈپ بېرىش كېرەك. بۇ سەۋەبتىن تەشۋىق قىممىتى بولغان ۋەقەلەرگە نىسبەتەن داۋاملىق دىققەت هالىتىدە تۇرۇش، ۋەقەلەرنى ماكان، زامان ئىسپاتى بىلەن تونۇش، ۋەقە هەققىدە بىر كالېندار تۇتۇپ، ئۇنى هەر خىل مېخانىزملارنىڭ كۈنتەرتىپىگە ئۇيغۇن هالدا قەرەللىك جانلاندۇرۇپ تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم.

ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئورگانلىرىنى مەن چەكلىك هالدا مۇشۇنچىلىكلا بايان قىلىمەن. بۇ يەردە يەنە ياۋروپا ئىتتىپاقى كېڭىشى ۋە ياۋروپا هەيئىتى ئىچىدە پايدىلانغىلى بولىدىغان كۆپ مېخانىزملار مەۋجۇد.

### 2.3.4 سوئال ـ جاۋابلىق مۇزاكىرە

**سوئال:** ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئىختىلاپلارنىڭ بارلىقىنى، بولۇپمۇ كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسىدە داۋاملىق ئىختىلاپ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو بىلەن قىلغان كىشىلىك هوقۇق دىئالوگى نېمىشقا يېپىق هالەتتە بولىدۇ؟ نېمىشقا مۇزاكىرىلەرنى ئۇچۇق هالەتتە ئېلىپ بارمايدۇ؟

**جاۋاب:** مۇشۇ يېقىندا ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى دىئالوگ يىغىنىدىن بىرى بېرلىندا ئۆتكۈزۈلمەكچى. بۇ يىغىننى يېپىق هالەتتە بولىدۇ دەپ قارىمايمەن. لېكىن ۋاكالەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ يىغىن زالىغا كىرىشكە ئەلۋەتتە رۇخسەت قىلمايدۇ. هالبۇكى، دىئالوگدىن ئىلگىرى ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن ۋاكالەتسىز تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئېلىش (مەسلىهەت) يىغىنى ئېچىلىدۇ. دىئالوگدىن كېيىنمۇ يەنە ئەمەلىي ئەهۋالنى دوكلات قىلىش يىغىنى ئېچىلىدۇ.

**سوئال:** ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئۇيغۇرلار هەققىدىكى قارار لايىهەسى ئىنتېرنېتتە بارمۇ؟ بۇ ماتېرىياللارغا قانداق ئېرىشىمىز؟

**جاۋاب:** چېگرىسىز كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتىنىڭ[14] تور بېتىدە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ جۇڭگو هەققىدىكى 25 قارار لايىهەسى هەممىسى بار. بىز يەنە بۇ قارار لايىهەلىرى هەققىدىكى ئانالىز، تەهلىللەرنى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭكىگە ئەگىشىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئېلان قىلىمىز. بىزنىڭ تور بېتىمىزدە يەنە ب د ت نىڭ قارار لايىهەلىرى، باشقا بىر نەچچە ۋاكالەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ دوكلاتلىرىنىمۇ كۆرەلەيسىلەر. بىز بۇنى تەتقىقاتچىلار ۋە سىلەرنىڭ دەۋايىڭلارنى قوللىغۇچىلارغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئىنتېرنېتقا چىقىرىپ قويدۇق.

**سوئال:** ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسى بار. بىز قەدىمىي مەدەنىيەتلىك خەلق. مەسىلەن: 1927 ـ يىلى مۇستاپا كامال ئاتا تۈرك «ئۇيغۇر» دېگەننى تۈركچە «ئۇيغار» (مەنىسى: مەدەنىيەتلىك) دەپ چۈشەندۈرگەن. هازىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. جۇڭگو ئىقتىسادىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ سودىلىشىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە دۇنيانىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى پائالىيەتچىلەرنىڭ يولىنى توسۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ئەهۋاللارنى گېرمانىيىدە، فرانسىيىدە ۋە ئەنگلىيىدە كۆردۈم. بىر مىسال تۈركىيە. جۇڭگو تۈركىيە بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار مۇزاكىرە قىلىۋاتىدۇ. ياۋروپا پارلامېنتى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى بۇ ئەهۋالغا قارىتا نېمىلەرنى قىلالايدۇ؟

**جاۋاب:** ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرگە جۇڭگو تەرىپىدىن كەلگەن ئىقتىسادىي بېسىم توغرىسىدا مېنىڭچە، بىزنىڭ دېيىشىمىز كېرەك بولغان سۆز شۇكى: بىزنىڭ باشلىقلىرىمىز قورقمىسۇن! دەرۋەقە، تەهدىتلەرنىڭ كۆپ قىسمى جۇڭگونىڭ تەدبىرىگە ئەگىشىپ كېلىشى ناتايىن.

[14] http://www.hrwf.net/blog/ گە قاراڭ.

**سوئال:** يېقىندا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ياۋروپا پارلامېنتى ھەققىدە بىر ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، مۇشۇ زالدا ئولتۇرغانلاردىن بەزى شەخسلەرنى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەيىبلىگەنلىكىنى تۇيدىڭىزمۇ؟

**ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىدىن مايكېل گىبب:** بۇ سوئالدا سىلەر «خەلق جۇمھۇرىيىتى خەۋەرلەر سەھىپىسى»[15] 2007 - يىلى 6 - مارت 17 - ساندىكى خەۋەرنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن. ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىغا ۋاكالىتەن مەن شۇنى قىستۇرۇپ قويای، بىز بۇ خەۋەرگە جاۋاب بېرىپ بولدۇق، ئۇنى ياۋروپا پارلامېنتىدا تارقاتتۇق، بىر قانچە خەلقئارا ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات ئىمزا قويدى. ياۋروپا پارلامېنتى ھەققىدە شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بۇ بىر دېموكراتىك ئورگان، پارلامېنتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۆزىگە خاس كۆزنەتەرتىپنى تۇرغۇزۇشقا ھوقۇقلۇق. ھەممىڭلارنى شۇڭا ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپ، جۇڭگونىڭ خەۋىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانىنى رەت قىلىشقا ياردەم بېرەلەيدىغان ئۇچۇرلار بىلەن بىزنى تەمىنلەشكە تەكلىپ قىلىمەن.

**جاۋاب:** ئۇيغۇرلار جۇڭگودا دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلاردىن ئەلۋەتتە خەۋىرىمىز بار. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي خەلققە داۋاملىق بېسىم ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بۇ سوئاللارغا جاۋاب بەرگەچ بىر قانچە تەكلىپىم بار. بۇ يەردە ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان «تىبەتنىڭ دوستلىرى» ناملىق بىر گۇرۇپپا بار. **بىرىنچى تەكلىپىم:** مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «ئۇيغۇرلارنىڭ دوستلىرى» ناملىق بىر گۇرۇپپا قۇرۇشقا تىرىشىش. **ئىككىنچى تەكلىپىم:** ياۋروپا پارلامېنتىدە مەخسۇس جۇڭگو ئۈچۈن ياۋروپا پارلامېنتى ئالاھىدە ۋەكىلى ياكى ياۋروپا پارلامېنتى پرېزىدېنتى ئورنى (ۋەزىپىسى) تەسىس قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئاتلىنىش. بۇ يەردە گەرچە نۇرغۇنلىغان قارار لايىھەلىرى ماقۇللانغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىي ئۈنۈمى بولمىدى. مېنىڭچە، بۇ يەردە مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە ۋەكىل خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ قاراپ تۇرسا، بۇ جۇڭگوغا ئەۋەتىلگەن كۈچلۈك بىر سىگنال بولىدۇ. **ئۈچىنچى تەكلىپىم:** رابىيە قادىر خانىمغا ساخاروۋ مۇكاپاتى (Sakharov Prize) بېرىش.

## 3.3.4 تەكلىپ پىكىرلەر

ئەگەر بۇ يەردە زوراۋانلىق كۈچىگە تايىنىش خاھىشى بار بولسا، شۇ ئىپسىڭلاردا بولغايكى، زوراۋانلىق پەقەت تېخىمۇ كۈچلۈك بىر زوراۋانلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنداقتا بىزنىڭ كۆرۈشىمىز زوراۋانلىق تۈسى ئالىدۇ ۋە دۇنيادىكى بىز ئېھتىياجلىق كۆپ ئىتتىپاقداشلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىدىغان گەپ.

جۇڭگو بىلەن سودا قىلىدىغان ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە باشقا ئىقتىسادى كۈچلۈك دۆلەتلەرنى جۇڭگو پەقەت كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن سودا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

---

[15] People's Republic Of News Bulletinگە قاراڭ.

ياۋروپا پارلامېنتى ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان «تىبەت دوستلىرى» ناملىق گۇرۇپپىنى مودېل قىلىپ تۇرۇپ، ياۋروپا پارلامېنتىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان «ئۇيغۇر دوستلىرى» ناملىق بىر گۇرۇپپا قۇرۇش ئۈچۈن ئىش باشلاش كېرەك.

ياۋروپا پارلامېنتىنى مەخسۇس جۇڭگو ئۈچۈن بىر ۋەكىل تەيىنلەشكە رىغبەتلەندۇرۇشىمىز كېرەك. نۇرغۇنلىغان قارار لايىھىلىرى تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىي ئۈنۈمى بولمىدى. مەخسۇس ۋەكىل مۇشۇ خىل يېتەرسىزلىكنى سۈرۈشتە قىلىشقا مەسئۇل بولسا بولىدۇ.

رابىيە قادىر خانىمنىڭ ساكخاروۋ مۇكاپاتىغا نامزات بولۇشى ئۈچۈن پائالىيەتكە ئۆتەيلى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ياۋروپا پارلامېنتىدىكى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەرگە قارشى پىتنە ـ پاسات تارقاتقان چاغدا، ئۇيغۇر تەشكىلاتلار ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى بىلەن بىرلىكتە ئىشلىشى، جۇڭگونىڭ ئەيىبلەشلىرىنى رەت قىلالايدىغان ئۈچۈرلار بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

بۇ كۇرسقا ئوخشاش پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش ۋە تەربىيىلەش جەريانىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇش كېرەك.

بارلىق ئۇيغۇرچە تور بەتلىرى يېڭىلىنىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇنداق قىلىش ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن تەتقىقات، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشى، شۇنداقلا ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ماقالە يېزىشىغا قۇلايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ يەردە تەپسىلىي مەلۇمات ياكى ھۆججەت ماتېرىياللارنىڭ كىمگە يەتكۈزۈلىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئۈچۈر دائىم بولۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر تەشكىلاتلار ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگدىن ئىلگىرىكى يىغىنلارغا ۋە دىئالوگدىن كېيىنكى دوكلات يىغىنلىرىغا قاتنىشىشقا دىققەت قىلىشى كېرەك.

## 4.4 ياۋروپا پارلامېنتىدا كىشىلىك هوقۇق دەۋاسى

### 1.4.4 كىندي لېين خانىمنىڭ سۆزى

(«كىشىلىك هوقۇق كۆزەتكۈچىسى» ئومۇمغا خىزمەت[16] تەشۋىقاتچىسى)

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا پارلامېنتىدا ئاڭلىنىۋاتىدۇ، بىر ئامېرىكىلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇنى ئاڭلىدىم. ئۆتكەن ئايدا ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىشلىدىم. مېنىڭ خىزمىتىم ئاساسلىقى گۇئەنتانامو تۈرمىسىدىن چىققان ئۇيغۇرلارغا ياۋروپا ئىتتىپاقى دائىرىسىدىن يەرلەشكۈدەك بىر ماكان تېپىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. هېچكىم ئۇلارنىڭ تەن جازاسىغا ئۇچرايدىغان، جاپا تارتىدىغان بىر يەرگە بېرىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. ئۇلار تۈرمىدىن قويۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئۇلارغا بىرەر ماكان تېپىپ بېرەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، نۇرغۇنى يەنىلا گۇئەنتانامو تۈرمىسىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

مەن ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى ۋە كىشىلىك هوقۇق كۆزەتكۈچىسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتۈم، بىر ئاز ئىلگىرىلەش هاسىل قىلىندى. بىر ئاي ئىلگىرىلا ياۋروپا پارلامېنتى ئۆزىنىڭ 2006 ـ يىللىق كىشىلىك هوقۇق دوكلاتىنى بىردەك ماقۇللىدى. بۇ دوكلاتقا گۇئەنتانامودىكى ئۇيغۇرلار هەققىدە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى ئىچىدىن بىرەر دۆلەتتە، هېچ بولمىغاندىمۇ جىسمانىي جازاغا ئۇچرىمايدىغان بىرەر يەردە ماكانلىشىشقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

ئەگەر سىلەرگە ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسىلەرنى چۈشەندۈرەلىگەن بولسام، سىلەر ئىستراتېگىيە، تېخنىكا ۋە چارە ـ تەدبىر ئۆگەنگەن بولساڭلار، ئۆتۈنۈپ قالاي، سىلەرنىڭ دەۋايىڭلارنىڭ ئىنسانغا، خەلققە ئائىت بىر ئىش ئىكەنلىكىنى نەزەردىن قەتئىي ساقىت قىلماڭلار. مەن پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، گۇئەنتانامودىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى سۆزلىگىنىمدە، ئۇلارنى جۇڭگولۇق ئۇيغۇر دەپ ئاتىمايمەن، مەھبۇس دېمەيمەن، قاماقتىكىلەر دېمەيمەن.

ئۇلارغا ئۈچ كۈندىن كېيىن 38 ياشقا كىرىدىغان ئابدۇل رېزانىڭ بۇ يىلقى تۇغۇلغان كۈنىنىمۇ 37، 36، 35، 34 ياش چېغىدىكى تۇغۇلغان كۈنىنى گۇئەنتانامو تۈرمىسىدە ئۆتكۈزگىنىگە ئوخشاش يەنە تۈرمىدە ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىمەن.

ئۇلارغا ئەركىن مەھمۇد ئىسىملىك بىر يىگىتنىڭ يۇرتىنى ۋە ئائىلىسىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بىر ئۇكىسىنىڭ ئافغانىستاندا ئىكەنلىكىدىن تېلېفوندا خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇكىسىنى ئىزدەپ ئافغانىستانغا بارغاندا تۇتۇلۇپ قالغانلىقى، بوگۈنگىچە تۈرمىدە يېتىۋاتقانلىقى، گەرچە ئۆمرىدە قولىغا بىرەر قېتىم قورال ئېلىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما دۈشمەن مۇجاھىدى دەپ ئەسىرگە ئېلىنغانلىقىنى ئېيتىمەن.

[16] Pro Bono Advocate, Human Rights Watch

ئۇلارغا يۇرتى شەرقىي تۈركىستاننى قىزغىن سۆيىدىغان بەختىيار مەھمۇدنىڭ ئۆزى دۇنيادا ياشىيالايدىغان يەرنىڭ ئەگەر ئازات بولسا، شەرقىي تۈركىستان ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى سۆزلەيمەن.

گەرچە بىز ئۇيغۇر بولمىساقمۇ، دۇنيادا سىلەر ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىزگە ئوخشاش ئىنسانلار كۆپ. بىز سىلەرنىڭ ۋەتىنىڭلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. بىز بۇلارنى ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قىلىمىز.

## 2.4.4 سوئال ـ جاۋابلىق مۇزاكىرە

**سوئال:** گۇئەنتانامو تۈرمىسىدە ياتقان بىر قانچە ئۇيغۇرنىڭ ئالبانىيەگە يەرلەشتۈرۈلگەنلىكىدىن بەلكى خەۋىرىڭلار بار. لېكىن يېقىنقى خەۋەرلەردە ئۇلارنىڭ تۈرمىگە ئوخشاش بىر شارائىتتا ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆز ـ چۆچەكلەر پەيدا بولدى.

**جاۋاب:** بىز بۇ ئۇيغۇرلارنى ياۋروپا ئىتتىپاقى ئىچىدە، ئەڭ ياخشىسى ئۇيغۇرلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان بىرەر دۆلەتتە يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتۇق. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىچىدە گېرمانىيە، شىۋىتسىيە، تۈركىيە ۋە نورۋېگىيىدە ئۇيغۇرلار نىسبەتەن كۆپرەك. شۇڭا بىزنىڭ نىشانىمىزمۇ تۈرمىدە تۇرۇۋاتقان يەنە 17 نەپەر ئۇيغۇرنى ئۆز ئائىلىسىدە ياشىغاندەك ياشىيالىشى ئۈچۈن مۇشۇ دۆلەتلەردىن بىرەرسىگە يەرلەشتۈرۈش.

ئالبانىيە ياۋروپا ئىتتىپاقى ئىچىدىكى ئەڭ نامرات دۆلەت. لېكىن ئۇ جاسارەت بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، دۇنيادا ھېچكىم ئېلىشنى خالىمىغان بەش نەپەر ئۇيغۇرنى ئۆز قوينىغا ئالدى. ئالبانىيە ئۆز دۆلىتىگە باشقا بىر تۈرمىدىن ئەۋەتىلگەن كىشىلەرنى ئەلۋەتتە يەنە تۈرمىگە سولىمايدۇ. بۇ بەش نەپەر كىشىنىڭ ئالبانىيەدە تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتىمەن. شۇڭا مەن بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ باقاي.

**سوئال:** گۇئەنتانامو تۈرمىسىگە قامالغان ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن بىز نېمە قىلساق بولىدۇ؟

**جاۋاب:** ئاۋۋال گۇئەنتانامودا بىز بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان ھەممىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. پارسچە ئەمەس ئۆز تىلىدا تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگەنلىكىڭلارغا رەھمەت. مېنىڭچە، ئۇ ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىز قىلالايدىغان ئەڭ ياخشى ئىش سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇش. سىلەر بۇگۈن بۇ يەردە بۇنى قىلىۋاتىسىلەر. بۇنى ھەر زامان، مەكتەپكە بارغۇچە، تور بېتىنى يېڭىلىغاندا قىلغىلى بولىدۇ. مەن سىلەرگە ئىنتېرنېتتا ئىزدەپ يۇرۇپ د ئۇ ق، ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى، شىۋىتسىيە ئۇيغۇر تور بېتىنى قانچە قېتىم تاپقانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. بۇلار نۇرغۇن كىشىلەرنى جەلپ قىلالايغان ئىنتايىن قىممەتلىك مەنبەلەردۇر.

يانۋاردىن باشلاپ ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسىدە نيۇيورك ۋاقتى (New York Times)، ۋاشىنگتون پوچتىسى (The Washington Post)، مالىيە ۋاقتى (The Financial Times)، بوستون گلوبۇسى (The Boston Globe) قاتارلىقلاردا ئۇيغۇرلارغا ئائىت نۇرغۇنلىغان ماقالىلەر، بولۇپمۇ گۇئەنتانامودىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر چىقىۋاتىدۇ. دىققەت قىلىپ قويۇڭلار. بۇ

ماقالىلەر تەتقىق قىلىنىشى، سىلەرگە يېتىپ كېلىشى، سىلەر ئۈنى تور بېتىڭلاردا قويۇپ، ئۆچۈر ئىزدىگۈچىلەرگە بىلدۈرۈشىڭلار كېرەك.

جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي بېسىمى ئاستىدا قالغان دۆلەتلەرگە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش ھەققىدىكى كۆز قارىشىڭلار توغرىسىدا جاۋابىم مۇنداق: ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشكەن چېغىمدا مەندىن مۇشۇ سوئالنى سورىغاندا مەن سۇلتان كۇرەشنىڭ مەسلىسىنى تىلغا ئالدىم. 2001 ـ يىلى شىۋىتسىيە كۇرەش ئەپەندىگە سىياسىي پاناھلىق بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى تېخىمۇ ئىلگىرىلىدى، ئازايمىدى. ئەگەر ياۋروپا ئىتتىپاقى 2006 ـ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىدا[17] ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك بىر گەۋدە بولالىسا، 27 دۆلەتنىڭ ھەممىسى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە كۇرەش قىلىش جۇڭگو ئۈچۈن قىيىن بولغان بولاتتى.

## 3.4.4 تەكلىپ پىكىرلەر

ئۇيغۇر دەۋاسىنى تەشۋىق قىلغاندا ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك شەخسىي ھېكايىلەرنى بايان قىلىشقا تىرىشىش كېرەك.

[17] بۇ كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى تۆۋەندىكى تور بەتتە ئېلان قىلىنغان:
http://ec. europa. eu/external_relations/human_rights/doc/report_06_en. pdf

## 4. دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشۋىقاتى: ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ رولى

## 2007 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پەيشەنبە

### 1.5 كىشىلىك ھوقۇق، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو

#### 1.1.5 دوكتور نىككولو فىگا ـ تالامانكانىڭ سۆزى

(«ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» تەشكىلاتىنىڭ پىلان دىرېكتورى)

«ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» (No Peace Without Justice) تەشكىلاتى د ئۇ ق ئۇيۇشتۇرغان بۇ كۇرسقا قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشكەنلىكىدىن پەخىرلىنىمەن. «ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» پايدا قوغلاشمايدىغان بىر خەلقئارا تەشكىلات بولۇپ، 1993 ـ يىلى تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش رادىكال پارتىيىسى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن پائالىيەت باشلىغان چاغدا دۇنياغا كەلگەن.

نۆۋەتتە «ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» تەشكىلاتىنىڭ تېمىغا ئائىت پائالىيەت دائىرىسى: كەڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقىدا ھۆكۈمەتلەر، پارلامېنتلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ئىجابىي دىئالوگلىشىش ئارقىلىق دېموكراتىك ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئافرىقىدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان مايۇتو كېلىشىمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى، بولۇپمۇ ئاياللارنى خەتنە قىلىش قىلمىشىنى توختىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش؛ ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانىيلىققا زىت جىنايەتلەر، ئۇرۇش جىنايەتلىرىنى تەكشۈرۈش، چەكلەش ۋە ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىكى خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇن سىستېمىسىنى كۈچلەندۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى بىلەن «ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋىتى 90 ـ يىللاردا باشلانغان. «ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان مارىنو بۇسداچىن ئەپەندى ھازىر ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. ئۆتكەن بىر قانچە يىلدا ھاگۇئىدا ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە كۈرەش ئېچىش، يىغىن ۋە تەربىيىلەش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق مۇناسىۋەت تېخىمۇ كۈچەيدى.

«ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» تەشكىلاتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئارزۇ قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ قېتىم بىز ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر نەپەر ئەزاسىنىڭ «ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» تەشكىلاتىغا كىرىشىنى تەلەپ قىلىمىز. «ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» تەشكىلاتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا ئىدىيىمىزدە بۇ مۇناسىۋەتنى قانداق قىلغاندا جانلىق تۇتۇپ، ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر چۈشەنچىگە كېلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 2.1.5 ئىزابېللا نىتسخك خانىمنىڭ سۆزى

(«جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق» تەشكىلاتى ياۋروپا ئالاقىلەشكۈچى خادىمى)

«جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق» تەشكىلاتىنى چەتئەلدىكى خەنزۇ زىيالىيلىرى 1989 ـ يىلى ئەتىيازدىن 4 ـ ئىيۇنغىچە داۋاملاشقان جۇڭگودىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى قوللاش ئۈچۈن قۇرغان. بىز ھازىر نىيويوركتا تۇرۇۋاتىمىز. شىياڭگاڭ ۋە برۇكسەلدە ئىشخانىمىز بار. بىز پەرقلىق يولداشلار بىلەن پەرقلىق ساھەلەردە خىزمەت قىلىمىز. گەرچە جۇڭگودا بىر ئىشخانىمىز بولمىسىمۇ، ئەمما جۇڭگونىڭ ئىچىدە ئىشلەيمىز، ھۆكۈمەتلەر بىلەن ئىككىلەمچى (ئىككى تەرەپلىك) خىزمەت قىلىمىز، بۇ يەردە ھۆكۈمەت يېرىگە ياۋروپا ئىتتىپاقى كېلىدۇ. ب د ت ۋە كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ۋە شۇنداقلا باشقا ئالاھىدە مېخانىزملار بىلەن كۆپ خىل ساھەدە بىرلىكتە ئىشلەيمىز. ناھايەت، بىز ھەمكارلاشقۇچى ئورگانلار ۋە ئەلۋەتتە باشقا ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار بىلەنمۇ بىرلىكتە ئىشلەيمىز. بىز ئاللىقاچان ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ۋە باشقا پەرقلىق ئۇيغۇر ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار بىلەنمۇ بىللە ئىشلىدۇق. بۇ خىزمەت خەت يېزىش، ئىلتىماس، يىغىن ۋە دوكلات يېزىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاساسلىقى خەلقئارا تەشۋىقات ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن: ھازىر جۇڭگونىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىنى قوغداش، ئۇلارنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىشى، باراۋەر تەرەققىي قىلىشى توغرىسىدىكى بىر پىلان ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئەڭ يېقىنقى دوكلاتىمىز جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «لوندون ئاز سانلىقلار ھوقۇقى» ناملىق گۇرۇپپا تەرىپىدىن يېزىلغان.

ياۋروپا ئورگانلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىش ئۈچۈن يېقىندا برۇكسەلدە بىر ئىش بېجىرىش ئورنى ئاچتۇق. نېمىشقا؟ سەۋەبىنى سورىشىڭلار مۇمكىن. چۈنكى بىز ياۋروپا ئىتتىپاقىنى مۇھىم دەپ ئويلىدۇق. جۇڭگونىڭ ئىچىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا كەلسەك، ياۋروپا ئىتتىپاقى بولسا جۇڭگونىڭ سودىدىكى ئەڭ چوڭ شېرىكى. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ يەنە دۇنيا مىقياسىدا كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بىر ئۇلۇغۋار نىشانى بار، ھەمدە بىز ياۋروپا ئىتتىپاقى جۇڭگوغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇرلاشتا مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

سىلەر بەلكىم ياۋروپا ئىتتىپاقى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە جۇڭگوغا بېسىم ئىشلەتمەيدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگو بىلەن قىلىدىغان سودىسىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ دېيىشىڭلار مۇمكىن. ھالبۇكى، دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بىز بۇ يەردە تۇرۇۋاتىمىز. بۇ يەردە بىز ئۇلارنى بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلغۇزماقچى.

ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە ئىشلىگەندە «جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق» تەشكىلاتى ئىشلىتەلەيدىغان بىر قانچە ۋاسىتە بار. ياۋروپا ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن دىئالوگلىشىدۇ. دىئالوگدىن ئىلگىرى بىز ياۋروپا ئىتتىپاقىغا مۇھىم ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىمىز. ياۋروپا ئىتتىپاقى يەنە ياۋروپالىق ۋە جۇڭگولۇق ئاكادېمىكلارغا كىشىلىك ھوقۇق كۇرسى ئاچىدۇ. كۇرسقا

مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار قاتنىشىدۇ. يېقىنقى كۈرس ھازىر بېرلىندا ئېچىلىۋاتىدۇ.

سىلەرنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدىن ئەمدىلا كەلگەنلىكىڭلارنى بىلىمەن. ياۋروپا پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدە سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇش ۋە جامائەت پىكرى ھاسىل قىلىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. «جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق» تەشكىلاتى شۇڭا بۇ ئورگانغا يېقىن تۇرۇپ خىزمەت قىلىدۇ. پارلامېنتتىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلماقچى بولغان ئۆمەك ۋەكىللىرىنى جۇڭگودىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن، دوكلات يىغىنى ۋە گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنلىرى ئاچىمىز.

«جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق» تەشكىلاتى جۇڭگونىڭ ئىچىدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى خىلمۇ خىل ۋاستىلەر بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ سەۋەبتىن باشقا ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىششقا ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇيغۇر ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار بىلەن كەلگۈسىدە داۋاملىق ھەمكارلىششنى ئۈمىد قىلىدۇ.

## 3.1.5 ئالىسون سىمىس خانىمنىڭ سۆزى

(«ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» تەشكىلاتى قانۇن مەسلىھەتچىسى)

مەن «ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» تەشكىلاتىمىزنىڭ ئاممىۋى تەشكىلات، جەمئىيەتلەرنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق سىياسىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتمەكچىمەن. ئۆتكەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدە سىلەر *ad hoc* سوت مەھكىمىلىرى[18]، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى، خەلقئارا ئادالەت مەھكىمىسى توغرىسىدا بىر نەرسىلەر ئاڭلىدىڭلار. بىز بۇ ساھەلەردە خىزمەت قىلىمىز. بىز بۇ ئورگانلارنى ئۈچ خىل ئاساسلىق ئۇسۇلدا، يەنى بىرىنچىسى: «قائىدىگە ئايلاندۇرۇش» جەھەتتە، ئىككىنچىسى: ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئۈچىنچىسى: قانۇنىي جەھەتتە مەسئۇلىيەتچانلىق قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق سىياسىي نەتىجىلەرگە ئېرىشىشكە تىرىشىمىز.

كۆز قارىشىمىزنى ئورگانلاردا قائىدىگە ئايلاندۇرۇش جەھەتتە، دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن ئىككى تەرەپلىمە ۋە شەخسىي ھالدا سۆھبەتلىشىش، دوكلات يېزىش ئۇسۇلى ئارقىلىق دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن بىرلىكتە تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلەيمىز. بىز ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبى، خىزمەت قىلىش ئۇسۇلى بويىچە قانۇننىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كىشىلىك ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان ۋە خەلقئارا قانۇننىڭ ئاستىدا زىيانغا ئۇچرىغان خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىمىز.

ئەمەلىيەت جەريانىدا، بىز كىشىلەرنى ۋە توقۇنۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلارنى ئاممىۋى جەمئىيەتلەرگە، خەلقئارا ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە مەسئۇل مېخانىزملارغا قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرىمىز. بۇ مېخانىزملار جىنايەت تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان بولۇپ، ئەگەر بۇ مېخانىزملار ئۆز نىشانىغا يەتمەكچى بولسا، مۇشۇ خىل كىشىلەرنى ئۆز ھەققىنى ھېس قىلالايدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى ئويلىيالايدىغان بىر ئاڭ - تونۇشقا ئىگە قىلىشى كېرەك.

قانۇنىي جەھەتتە، بىز خەلقئارا قانۇن، بولۇپمۇ خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى ھازىرقى مەسىلىلەرنى قانۇنىي جەھەتتە تەتقىق قىلىمىز. خەلقئارا قانۇندا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ھەققىدە قىسقىچە دوكلات ۋە سوت مەھكىمىسىدە سوتچى قارار چىقىرالماي تەرەددۇت ئىچىدە قالغان مەسىلىلەردە سىرتتىن قاتنىشىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇچى دوكلات[19] تەييارلاپ، بۇنى خەلقئارا سوت مەھكىمىلىرىگە سۇنىمىز.

نۆۋەتتىكى مەسىلىنىڭ تۈگۈنى بولسا، قانداق قىلغاندا سىلەرنىڭ مەسىلەڭلەرنى خەلقئارالاشتۇرۇپ، جامائەت پىكرى، بولۇپمۇ خەلقئارا جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا دىققەتنى جەلپ قىلغىلى بولىدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت.

بۇ يەردە بىر قانچە ساھە بار. مەن بۇلارنى قىسقىچە تىلغا ئالغاچ بىر قانچە تۈرلۈك پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن، بۇلارنى مۇزاكىرە قىلساق بولىدۇ.

بىرىنچى ساھە كىشىلىك ھوقۇق ساھەسى. ھۆكۈمەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مېخانىزمى ئەلۋەتتە دۆلەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. شۇڭا مەن ھۆكۈمەتنىڭ مېخانىزمىنىڭ قانچىلىك ئۈنۈملۈك ئىشلەيدىغانلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئەمما بۇ يەردە كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدە شۈبھىسىز ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشقا ياردەم

---

[18] *ad hoc* Tribunals

[19] Amicus curiae briefs

بىرلەيدىغان جامائەت پىكرىدىن ئىبارەت كۈچلۈك بىر ئىمكانىيەت مەۋجۇد. ھالبۇكى، جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش ئۈچۈن، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ قانداق دەپسەندە قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ئاممىۋى سورۇنلاردا ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشى كېرەك. ئەگەر خەلق بۇنى بىلمىسە، بۇنىڭغا قارىتا جامائەت پىكرى شەكىللەنمەيدۇ. سىلەر ياخشى تەشكىللىنىپ، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئائىت خەۋەرلەرنى ھەممە يەردە تارقاتساڭلار، ئۇلارنى ياۋروپا پارلامېنتى، گېزىت - ژۇرناللار ۋە ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارغىمۇ بىلدۈرەلەيسىلەر.

مەن سىلەرگە ئېيتماقچى بولغان ئىككىنچى ساھە بولسا، خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنى ساھەسى. مەن مەخسۇس مۇشۇ ساھەدە ئىشلەيمەن. سىلەرنىڭ بىلىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەنكى، ھەر قانداق بىر شەخس رىم قانۇنى (Roma Statute) دا جىنايەت ھېسابلانغان زوراۋانلىق ھەققىدىكى ئۇچۇرنى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ سۇنسا بولىدۇ. لېكىن يەنە بۇنىڭدىكى بەزى شەرتلەرنى بەلكىم بىلىشىڭلار مۇمكىن، بىرىنچى شەرت: بۇ زوراۋانلىق قىلمىش بىر دۆلەتنىڭ زېمىنىدا يۈز بەرگەن بولۇشى ۋە دۆلەت، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سادىر قىلىنغان جىنايەت بولۇشى كېرەك. ئىككىنچى شەرت: زوراۋانلىق دەپ ھېسابلانغان بۇ قىلمىش چوقۇم رىم قانۇنىدا جىنايەت دەپ قارالغان تىزىملىكتىكىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. گەرچە سىلەرنىڭ مەسىلەڭلەرنى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىش ئېراقتىكى بىر ئېھتىماللىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە سىلەرنىڭ مەسىلەڭلەرنى خەلقئارالاشتۇرۇش ۋە جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشتا رىم قانۇنىدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان بىر قانچە يول بار. رىم قانۇنىنىڭ تىزىملىكىدىكى جىنايەتلەر: ئۇرۇش جىنايەتلىرى، ئىنسانىيلىققا زىت جىنايەتلەر، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى قاتارلىقلار قايسى خىل جىنايەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى مۇشۇ جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەنئەنىۋى خەلقئارا قانۇننىڭ تەركىبى قىسمىلىرى بولۇپ، خەلقئارا قانۇن دۆلەتلەرنى رىم قانۇنى تەرەپدارى بولۇش بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنى ئۆز ئارا بىر - بىرىگە باغلايدۇ. تېخىمۇ يامان بولغىنى شۇكى، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ ئۆزى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بولۇشتىن باشقا يەنە خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنىنى دەپسەندە قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ب د ت قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلارغا پەقەت دۆلەتلەرلا ئەزا بولالايدۇ. ھالبۇكى، دۆلەت ئەمەس، دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان تەشكىلات گۇرۇھلارمۇ خەلقئارا سەھنىدە پەرقلىق دەرىجىدە ئاۋازىنى ئاڭلىتالايدىغان، ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلەيدىغان ۋەكىل بولالايدىغان نۇرغۇن يوللار بار. بۇ يوللارنىڭ بىرى مەدەنىيەت ئىشخانىسى ياكى مەدەنىيەت شۆبىسى ئېچىشتىن ئىبارەت. بىر مەدەنىيەت ئىشخانىسى ئېچىش سىلەرنى باشقا دۆلەت خەلقلىرى، ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن ئۆز ئارا تەسىرلىشىش، ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشىشنى تېزلىتىشكە ۋە سىلەرنىڭ دەۋايىڭلار توغرىسىدا جامائەت پىكرى توپلاشقا ياردەم بېرىدۇ.

باشقا بىر ئۇسۇل بولسا رايون خاراكتېرلىك بايانات. بۇ مەسىلەن: ياۋروپا پارلامېنتىدا گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە ئەلۋەتتە رايون خاراكتېرلىك باشقا ئورگانلارمۇ بار. مەسىلەن: ئافرىقىدا ئافرىقىلىقلار ئۇيۇشمىسى بىلەن بىللە جۇڭگونىڭمۇ كۈچلۈك مەنپەئەتى بار. بۇ بەلكىم سۆھبەتلىشىش ۋە دوكلات يىغىنلىرى ئېچىش ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن.

ئاخىرقى پىكرىم «قېرىنداش شەھەر» (twin cities). مەسىلەن: سىلەر ياشاۋاتقان ئەنگلىيە، كانادا ياكى ئاۋستىرالىيەدە قېرىنداش شەھەرلەردىن پايدىلىنالايسىلەر. بۇ ئارقىلىق ئۆزۈڭلارنىڭ ۋەزىيىتىڭلارغا، ھاياتىڭلارغا نىسبەتەن سەزگۈرلۈكنى ۋە چۈشەنچىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيسىلەر.

### 4.1.5 سوئال ـ جاۋابلىق مۇزاكىرە

**ماركو پېردۇسا ئەپەندى:** سىمىس خانىمنىڭ قېرىنداش شەھەر توغرىسىدىكى ئاخىرقى چۈشەندۈرۈشى بىز 12 يىل ئىلگىرى تىبەت ئۈچۈن قىلغان ئىشلارنى ئېسىمگە كەلتۈردى. بىز ياۋروپادىكى بارلىق شەھەر باشلىقلىرىدىن 1995 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شەھەر بايرىقىنىڭ ئورنىغا تىبەتنىڭ بايرىقىنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان ئىدۇق. بروكسەلدە جۇڭگو ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ياۋروپا پارلامېنتىغا قەدەر بارغان ئىدۇق. بۇ ئىشىمىز ياۋروپالىقلارغا تىبەتنى بىلدۇرۇشتە پايدىلىق بولغان ئىدى. مۇشۇنداق بىر ئىشنى بەلكىم كېلەر يىلى ياكى كېيىنكى بىر قانچە يىلدا كۆپلەپ كۆرەلىشىمىز مۇمكىن.

**سوئال:** «ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» تەشكىلاتىدا ئومۇمىي جەھەتتىن جۇڭگونى، جۇزئىي جەھەتتىن ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچى خادىملىرىڭلار بارمۇ؟ سىلەر مۇشۇنداق تەتقىقاتچىلارنى كەلگۈسىدە تولۇقلاشنى خالامسىلەر؟

**ئاللىسون سىمىس خانىم:** جۇڭگو ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھېچقانداق تەتقىقاتىمىز يوق. مۇتلەق كۆپ قىسىم خىزمىتىمىز ئافرىقىدىكى رايون ھالقىغان مەسئۇلىيەتچانلىقتا بولغان جىددىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا دىققىتىمىز خەلقئارا جىنايى ئىشلاردىكى ئادالەتكە مەركەزلەشكەن.

**سوئال:** 2008 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك مۇسابىقىسى توغرىسىدا بىرەر پائالىيىتىڭلار بارمۇ؟

**ئىزابېللا نىتسخك خانىم:** «جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق» تەشكىلاتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. بىز نورمال يۇقرالارغا، ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارغا، ھۆكۈمەتلەرگە ۋە شىركەتلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسلىھەت بېرىدىغان مەخسۇس تور بەت[20] قۇردۇق. بۇ تور بەتتە ئولىمپىك مۇناسىۋىتى بىلەن كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كىشىلەر نېمىلەرنى قىلسا بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئولىمپىككە تەييارلىق قىلىش جەريانىدا يۈز بېرىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگىمۇ سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھەر ئاخباراتت خەۋىرىمىزدە جۇڭگودىكى ئولىمپىك تەييارلىقى ۋە تەرەققىياتلارغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمىز. بولۇپمۇ ئولىمپىك ئۈچۈن قۇرۇلغان بىخەتەرلىك سىستېمىسى توغرىسىدا مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ باردۇق. جۇڭگونىڭ كەڭ كۆلەملىك بىخەتەرلىك سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشىغا ياۋروپالىق ۋە ئامېرىكىلىق شىركەتلەر ياردەملىشىۋاتىدۇ. بىزنىڭ سوئالىمىز شۇكى، ئولىمپىكتىن كېيىن بۇ بىخەتەرلىك سىستېمىسى قانداق بولماقچى؟ نېمىگە ئىشلىتىلمەكچى؟ بىز بۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەر،

---

[20] http://www/ir2008/org گە قاراڭ.

ژۇرنالىستلار، پائالىيەتچىلەر ۋە ھۆكۈمەتنى راھەتسىز قىلغان كىشىلەرنى تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ دەپ گۇمان قىلىمىز.

**ماركو پېردۇسا ئەپەندى:** تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش رادىكال پارتىيىسى بىلەن «ئادالەت يوقكەن، تىنچلىق بولمايدۇ» تەشكىلاتى ب د ت ئومۇمى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان جۇڭگودىكى ئۆلۈم جازاسىنى توختىتىش پائالىيىتىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ. ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ئۆزىنىڭ ئەزالىرىدىن ب د ت غا سۇنۇلىدىغان بىر ئىلتىماسقا قول قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئولىمپىك ئۈچۈن بىز ب د ت نىڭ دۇنيادا ئۆلۈم جازاسى ئەڭ كۆپ يۈرگۈزۈلىدىغان دۆلەت جۇڭگودا تەدبىقلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، بىر ھۆججەتنى ب د ت غا تەكرار سۇنىمىز.

**سوئال:** 2005 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مەن بىر مۇراجىئەتنامە تاپشۇرۇۋالدىم، مەزمۇنى جۇڭگودا نەسلى قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان مۈشۈككېيىقنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئاۋستىرالىيىدىكى بىر تەشكىلات جۇڭگودىكى مۈشۈككېيىقلارنى قوغداش ئۈچۈن 30 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە توپلاپ بەردى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگو پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن 23 مىليون يۈەن سەرپ قىلدى. خەلقئارا جەمئىيەت مۈشۈككېيىقنى قوغداش ئۈچۈن شۇنچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ ـ يۇ، نەسلى قۇرۇش ئالدىغا تورغان ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن تەھدىتكە نېمىشقا سەل قارايدۇ؟ بۇ شەپقەتسىز سېلىشتۇرمىنى قانداق ئىزاھلايمىز؟

**ئىزابېللا نىتسخك خانىم:** مېنىڭچە، بۇ جامائەتنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باغلىق ئىش. ئەپسۇسكى، دۇنيادىكى خەلقلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىغاندا مۈشۈككېيىقنىڭ ئەھۋالىدىن بەكرەك خەۋەردار. بۇ ئىش كىشىنى ھەقىقەتەن ئازاپلايدۇ. شۇڭا دۇنيا مىقياسىدا ئۆزۈڭلارنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە تەشۋىقاتنى ئوبدان قىلىش، سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايمەن. سىلەر بۇنى باشقا ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار ۋە باشقا يوللار ئارقىلىقمۇ قىلالايسىلەر. دېمىسىمۇ، بۇ ھەقتىكى گەپلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاللىقاچان تەكىتلەندى.

**ماركو پېردۇسا ئەپەندى:** ھايۋانلارنى قوغداش ھەققىدىكى بۇ مەسىلە توغرىسىدا مەن مۇنداق ئويلايمەن: ئەگەر سىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مۇھىت ئاسىراش جەھەتتە، سىلەرنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىڭلارنى قوغداش جەھەتتە مەسىلە بولسا، قەدىمىي شەھەرلەر، مۇقەددەس ماكانلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ياكى ئوغۇرلانغان بولسا، سىلەر ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارغا بۇ ئىشنى ئىنكاس قىلساڭلار بولىدۇ. ئەلۋەتتە ب د ت نىڭ بۇنىڭغا مەسئۇل ئورگانلىرى ئارقىلىقمۇ بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلالايسىلەر. ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن قورقۇنچلۇق ۋەزىيەتنىڭ باشقا تەرەپلىرىنىمۇ خەلقئالەمگە جاكارلاش بىز بىلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە نىسبەتەن ئۈنۈملۈك بىر تولۇقلىما بولۇشى مۇمكىن.

**سوئال:** جۇڭگونىڭ دېموكراتىكلىشىشى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ دېموكراتىيە پىلانلىرى، كۇرسلىرى ۋە دەرسلىرىگە ئۇيغۇرلارنىڭ قاتنىشىشى مۇمكىن بولامدۇ؟

**ماركو پېردۇسا ئەپەندى:** ياۋروپا پارلامېنتىغا ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ئارقىلىق كىرگىلى بولىدۇ. ياۋروپا پارلامېنتىغا كىرىشكە قانداق قىلغاندا لاياقەتلىك بولغىلى بولىدىغانلىقىنى پات يېقىندا سىلەرگە بىلدۈرۈشكە تىرىشىمىز.

**سوئال:** ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تازىلاش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بىر دېلونى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى ياكى خەلقئارا ئادالەت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىش ئۈچۈن

ب د ت بىلەن ھەمكارلاشقىلى بولامدۇ؟ ھازىر ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراۋاتىدۇ. بۇ پىلانلار ئىنتايىن سىستېمىلىق ۋە رەھىمسىزلەرچە ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنىڭ ئالدى ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتسىيە مەسىلىسىنى خەلقئارا سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلساق بولامدۇ؟

**ماركو پېردۇسا:** ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنى قۇرغان چاغدا تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش رادىكال پارتىيىسى ئەركىن ئالىپتېكىن ئەپەندىگە ھەمىشە سۆز قىلىش پۇرسىتى بەرگەن ئىدى. بىز كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىك ۋەقەلىرى بىلەن بىرلىكتە يەنە ئىقتىسادىي مەسىلىلەر، تەرەققىيات ھوقۇقى مەسىلىسى قاتارلىقلار ھەققىدىمۇ ھۆججەت ماتېرىياللار تارقىتىمىز. ب د ت نىڭ بىر قەدەر كۆپ سەھنىسى بار. سىلەر بۇ يەردە ئۇچۇق - ئاشكارا سۆزلىيەلەيسىلەر ۋە بىر قارار ماقۇللىتىپ، ئۇنى ئىجرا قىلدۇرالايسىلەر.

خەلقئارا سوت مەھكىمىلىرىگە ئەرز قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، مېنىڭچە، سىلەرنىڭ «ياق!» دېگەن جاۋابنى ئاڭلىشىڭلار ئېنىق. ئەمما كۇرس جەريانىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۇچۇر توپلاش ئىنتايىن مۇھىم بىر پائالىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ خەلقئارا تەشكىلاتلارنى تېخىمۇ دىققەتچان، سەزگۈر قىلىپ، خەلقئارا سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى دائىرىسىنى كېڭەيتىشىگە ياردەم بېرەلەيدىغان مىللىي ھۆكۈمەتلەرنى قايىل قىلىشقا تۆھپە قوشىدۇ.

## 5.1.5 تەكلىپ پىكىرلەر

كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ۋە ئۆز دەۋايىڭلارغا پايدىلىق جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش ئۈچۈن، خەلقئارا سورۇندا جامائەتنى پىكىر قىلىشقا يېتەكلىيەلەيدىغان ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىپ يۇرۇشىگە كاپالەتلىك قىلىشىڭلار كېرەك.

گەرچە ئۇيغۇر مەسىلىسى خەلقئارا سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى يەتمەيدىغان بىر دېلو بولسىمۇ، ئەمما رىم قانۇنىدا تىلغا ئېلىنغان قايسى خىل جىنايەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى سادىر قىلىنغانلىقىغا قارشى دىققەت قىلىپ، بەلگە قويۇپ مېڭىش پايدىلىقتۇر. بۇ جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەنئەنىۋى خەلقئارا قانۇننىڭ تەركىبى قىسمىلىرى بولۇپ، خەلقئارا قانۇن دۆلەتلەرنى رىم قانۇنى تەرەپدارى بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىنى ئۆز ئارا بىر - بىرىگە باغلايدۇ. كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىك ۋەقەلىرى خەلقئارا قانۇنغا قىلىنغان دەپسەندىچىلىك ۋەقەسى دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، تەسىر كۈچى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

ياۋروپا پارلامېنتى قاتارلىق رايون خاراكتېرلىك ئورگانلارغا قاتنىشىشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگونىڭ كۈچلۈك مەنپەئەتى بار بولغان تەشكىلاتلارغىمۇ، مەسىلەن: ئافرىقىلىقلار ئويۇشمىسىغىمۇ قاتنىشىش كېرەك.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئەنگلىيە، كانادا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە «قېرىنداش شەھەر»نىمۇ ئويلىشىپ بېقىشى كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىڭلارنى خەلقئارادا تېخىمۇ ياخشى تەشۋىق قىلالايسىلەر.

ياۋروپادىكى بارلىق شەھەر باشلىقلىرىدىن شەھەر بايرىقىنىڭ ئورنىغا تىبەت بايرىقىنى چىقىرىش پائالىيىتىدە تىبەت مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. بۇ ياۋروپالىقلارنىڭ تىبەت ھەققىدە بىر ئۇچۇرغا ئىگە بولۇشىغا ياردەم قىلغان. بەلكى كېلەر يىلى بۇ ئىش ئۇيغۇرلارغىمۇ نېسىپ بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەردە ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ئۇيغۇرلارنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىغا كىرىشىگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇققا مۇناسىۋەتسىز مەسىلىلەرنىمۇ ئاخباراتتا ئېلان قىلىشنى ئويلىشىش كېرەك. ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار ۋە ب د ت دىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار مەدەنىي مىراسلار ۋە مۇھىت مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا نىسبەتەن ئۈنۈملۈك بىر تولۇقلىما ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭگو زۇلمىنىڭ ئاز بىلىنگەن تەرەپلىرىنى، مەسىلەن: شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى قاتارلىقلارنىمۇ خەۋەر قىلىپ تارقىتىش كېرەك.

## خەلقئارا ئورگانلار6.1 International Institutions

### ب د ت نىڭ ئورگانلىرى 6.1.1 Agencies of the United Nations

**Human Rights Council (UNHRC)** كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى
http://www. ohchr. org/english/bodies/hrcouncil/

**Office of the High Commissioner for Human Rights (OHCHR)**كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ھەيئەتى ئىشخانىسى
http://www. ohchr. org

**Office of the High Commissioner for Refugees (UNHCR)**مۇساپىرلار ئالىي كومىتېتى (ھەيئەت ئىشخانىسى)
http://www. unhcr. org/

**United Nations Educational Scientific and Cultural Organization (UNESCO)**
ب د ت مائارىپ، پەت ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى
http://www. unesco. org/

### ب د ت نىڭ كېلىشىم ئورگانلىرى6.1.2 Treaty Bodies of the United Nations

**Human Rights Committee (HRC)**كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى
http://www. ohchr. org/english/bodies/hrc/

**Committee on Economic, Social and Cultural Rights (CESC)**
ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقلىرى كومىتېتى
http://www. ohchr. org/english/bodies/cescr/

**Committee on the Elimination of Racial Discrimination (CERD)** ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش كومىتېتى
http://www. unhchr. ch/html/menu2/6/cerd. htm

**Committee on the Elimination of all forms of Discrimination Against Women (CEDAW)**

ئاياللارنى خارلاشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتى
http://www. un. org/womenwatch/daw/cedaw/

**Committee Against Torture (CAT)**تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى
http://www. ohchr. org/english/bodies/cat/

### 6.1.3 International Courts خەلقئارا سوت مەھكىمىلىرى

**International Court of Justice (ICJ)**خەلقئارا ئادالەت مەھكىمىسى
cji. org/_http://www. icj

**International Criminal Court (ICC)**خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى
cpi. int/_http://www. icc

**International Criminal Tribunal for the former Yugoslavia (ICTY)**
سابىق يۇگوسلاۋىيە ئۈچۈن قۇرۇلغان خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى
http://www. un. org/icty/

### 6.1.4 European Institutionsياۋروپا ئورگانلىرى

**European Commission** ياۋروپا ھەيئىتى
http://ec. europa. eu/

**European Parliament** ياۋروپا پارلامېنتى
http://www. europarl. europa. eu/

### 6.2 Academic Institutions ئاكادېمىك ئورگانلار (بىلىم يۇرتلىرى)

**Hawaii Institute for Human Rights** ھاۋاي كىشىلىك ھوقۇق ئىنستىتوتى
http://www.humanrightshawaii.org/

**University of Haifa**ھايفا ئۇنىۋېرسىتېتى
http://www.haifa.ac.il/

**University of Hawaii**ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى

http://www. hawaii. edu/

**University of Utrecht**ئۇترېخ ئۇنىۋېرسىتېتى
http://www.uu.nl/

**Centre for Conflict Studies (University of Utrecht)**ئۇترېخ ئۇنىۋېرسىتېتى توقۇنۇش تەتقىقات مەركىزى
http://www. uu. nl/conflictstudies/

**University of Wageningen**ۋاگېنىڭگېن ئۇنىۋېرسىتېتى
http://www. wageningenuniversiteit. nl/

## 6.3 Organisationsتەشكىلاتلار

### 6.3.1 Uyghur Organisations ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى

**East Turkestan Culture And Solidarity Association, Turkey**
شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى، تۈركىيە
http://www. gokbayrak. com/

**East Turkestan Education and Solidarity Association**شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى
http://www. ma'arip. org/

**International Uyghur Human Rights and Democracy Foundation (IUHRDF)**
خەلقئارا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە فوندى جەمئىيىتى
http://www. iuhrdf. org/

**Netherlands Eastern Turkestan Foundation** گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان فوندى جەمئىيىتى
turkestan. nl/ http://www. oost

**Sweden Uyghur Committee** شىۋېتسىيە ئۇيغۇر كومىتېتى
/http://www.uygurie.com

ئەنگلىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى **The Uighur U. K. Association**
http://www. uighur. org. uk/

ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى**Uyghur American Association (UAA)**
http://www. uyghuramerican. org/

كانادا ئۇيغۇر جەمئىيىتى**Uyghur Canadian Association (UCA)**
http://www. uyghurcanadian. org/

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى**World Uyghur Congress (WUC)**
http://www. uyghurcongress. org/

## كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتلىرى6.3.2 Human Rights Organisations

خەتەر**Gesellschaft für Bedrohte Völker / Society for Threatened Peoples (GfbV)**
ئاستىدىكى خەلقلەر جەمئىيىتى
http://www. gfbv. de/

جۇڭگودىكى كىشىلىك هوقۇق**Human Rights In China (HRIC)**
http://www. hrichina. org/

كىشىلىك هوقۇق كۆزەتكۈچىسى**Human Rights Watch (HRW)**
http://www. hrw. org/

چېگرىسىز كىشىلىك هوقۇق **Human Rights Without Frontiers International (HRWF)**
http://www. hrwf. net/

دۆلەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش**National Endowment for Democracy (NED)**
فوندى جەمئىيىتى
http://www. ned. org/

ئادالەت يوقكەن تىنچلىق بولمايدۇ **No Peace Without Justice (NPWJ)**
http://www. npwj. org/

**Unrepresented Nations and Peoples Organization (UNPO)**ۋاكالەتسىز مىللەتلەر ۋە خەلقلەر تەشكىلاتى
http://www. unpo. org/

### 6.3.3 Political Organisationsسىياسىي تەشكىلاتلار

**Nonviolent Radical Party**تىنچ قارشىلىق كۆرسىتىش رادىكال پارتىيىسى
http://www. radicalparty. org/

**Alliance of Liberals and Democrats in Europe (ALDE)**ياۋروپا لىبېراللار ۋە دېموكراتلار ئىتتىپاقى
http://www. alde. eu/

**Party of European Socialists (PES)**ياۋروپا سوتسىيالىستلار پارتىيىسى
http://www. pes. org/

### 6.4 Legal instrumentsقانۇن ئورگانلىرى

**Charter of the United Nations**ب د ت نىڭ ئاساسىي قانۇنى
http://www. un. org/aboutun/charter/

**Convention against Torture and Other Cruel, Inhuman or Degrading Treatment or Punishment (CAT)**تەن جازاسى ۋە باشقا ئىنسانپىسىز مۇئامىلە، جازالارغا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى
http://www. unhchr. ch/html/menu3/b/h_cat39. htm

**Convention on the Elimination of all forms of Discrimination Against Women (CEDAW)**
ئاياللارنى خارلاشقا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى
http://www. un. org/womenwatch/daw/cedaw/

**Convention on the Rights of the Child (CRC)**باللار ھوقۇقى ئەھدىنامىسى
http://www. unhchr. ch/html/menu3/b/k2crc. htm

**International Convention on the Elimination of all forms of Racial Discrimination (CERD)**

ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش خەلقئارا ئەھدىنامىسى

http://www. ohchr. org/english/law/cerd. htm

**International Convention on the protection of the rights of all Migrant Workers and members of their families (CMW)** كۆچمەن ئىشلەمچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىنىڭ هوقۇقىنى قوغداش خەلقئارا ئەھدىنامىسى

http://www. unhchr. ch/html/menu3/b/m_mwctoc. htm

**International Covenant on Civil and Political Rights (ICCPR)**

خەلقئارا ئاممىۋى ۋە سىياسىي هوقۇقلار ئەھدىنامىسى

http://www. ohchr. org/english/law/ccpr. htm

**International Covenant on Economic Social and Cultural Rights (ICESCR)**

خەلقئارا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي هوقۇقلار ئەھدىنامىسى

http://www. ohchr. org/english/law/cescr. htm

**Universal Declaration of Human Rights (UDHR)** ئۇنىۋېرسال كىشىلىك هوقۇق خىتابنامىسى

In Uyghur: http://www. unhchr. ch/udhr/lang/uig. htm

In English: http://www. unhchr. ch/udhr/lang/eng. htm

## 6.5 Documents هۆججەت دوكلاتلار

**Amnesty International 2006 Report on China**

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگو ھەققىدىكى 2006 ـ يىللىق دوكلاتى

eng_ summary _http://web. amnesty. org/report2006/chn

**China: Minority Exclusion, Marginalization and Rising Tensions**

جۇڭگو: ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چەتكە قېقىلىشى، يېتىم قالدۇرۇلۇشى ۋە جىددىيچىلىكلەر

Human Rights In China / Minority Rights Group International Report

http://hrichina. org/public/contents/article?revision%5fid=36063&item%5fid=36055

**Devastating Blows : Religious Repression of Uighurs in Xinjiang**

خاراب قىلغۇچى پالاكەت: شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي جەھەتتە باستۇرۇلىشى
Human Rights Watch Report
http://hrw. org/reports/2005/china0405/

**European Union Annual Report on Human Rights**
ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ھەققىدىكى يىللىق دوكلاتى
http://ec. europa. eu/external_relations/human_rights/doc/report_06_en. pdf

**State Secrets: China's Legal Labyrinth**
دۆلەت مەخپىيەتلىكى: جۇڭگو قانۇنىنىڭ چۇشىنىكسىز بىر نىمىسى
Human Rights In China Report
http://hrichina. org/public/contents/article?revision%5fid=41506&item%5fid=41421

**6.6 Websites تور بەتلىرى**

**Human Rights Watch and the Olympics in China – Tools for activists**
كىشىلىك ھوقۇق كۆزەتكۇچىسى ۋە جۇڭگودىكى ئولىمپىك - پائالىيەتچىلەر ئۇچۇن قوراللار
http://hrw. org/campaigns/china/beijing08/

**Incorporating Responsibility 2008 – Human Rights In China Online Campaign**
2008 - يىلدىكى كوللېكتىپ مەسئۇلىيەت - ««جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق» تەشكىلاتىنىڭ تور دىكى پائالىيىتى
http://www. ir2008. org/

**Radi'o Free Asia – Uyghur (RFA)** ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى
http://www. rfa. org/uyghur/

**Taklamakan Uyghur Publishing** تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى
http://www. uyghurweb. net/

**Uyghur Human Rights Project (UHRP)** ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پىلانى
http://www. uhrp. org/

**Uyghur One – News** ئۇيغۇر بىر خەۋەرلىرى
http://www. uyghur1. com/

**2007**

**ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ 10 ـ كۈنلىرى**

**هاگۇئى ـ برۇكسەل (بريۇسسىل)**

دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق بىلىملىرى بويىچە
**ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى**

**دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى**
**ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى**